UYGUR ARAŞTIRMA ENSTİTÜSÜ
ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى
UYGHUR RESEARCH INSTITUTE

# شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى مەسىلىلىرى

## ۋە ئۇنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى پىكىر - تەكلىپلەر

2018

İzmir 1.Cad. 33/27 Kızılay – Çankaya | ANKARA – TÜRKİYE
Email: editor@uysi.org / info@uysi.org www.uysi.org

كىرىش سۆز 03
1.بۆلۈم: خىتاينىڭ خەلقئارالىق ئىستراتېگىيەسى ۋە بۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى 08
1 - باب: خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭى يىپەك يولى پىلانى ۋە ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىگە بولغان تەسىرى 08
تەكلىپ ۋە تەۋسىيە 14
2 - باب: خىتاي بىلەن غەربنىڭ داۋاملىشىۋاتقان ئىدېئولوگىيە ئۇرۇشى 15
تەكلىپ ۋە تەۋسىيە 19
3 - باب: خىتاينىڭ خەلقئارادىكى ھەربىي كېڭەيمىچىلىك تەھدىتى ۋە تور ئۇرۇشى 20
تەكلىپ ۋە تەۋسىيە 22
4 - باب: خىتاينىڭ ئامېرىكا بېكىنمىچىلىك سىياسىتىدىن مەنپەئەتلىنىشى 22
تەكلىپ ۋە تەۋسىيە 25
2. بۆلۈم: خىتاينىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى ۋە بۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى 26
1- باب: خىتاي ئىقتىسادى 26
2 - باب: خىتاي ئىچىدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر 31
تەكلىپ ۋە تەۋسىيە 32
3 - باب: خىتايدىكى ئىچكى خەۋپسىزلىك مەسىلىسى 33
تەكلىپ ۋە تەۋسىيە 36
4 - باب :خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىتى 37
قانۇن سىياسىي 37
نوپۇس سىياسىتى 39
ئىقتىساد سىياسىتى 40
دىن سىياسىتى 41
مائارىپ ۋە مەدەنىيەت سىياسىتى 42
تەكلىپ ۋە تەۋسىيە 46
3. بۆلۈم: شەرقىي تۈركىستان ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى مەسىلىسى 47
1 - باب: شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى 47
2 - باب: مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى 51
مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى 62
تەكلىپ ۋە تەۋسىيە 66
3 - باب: خىتاينىڭ كېلەچىكى ۋە ئۇيغۇرلار 68
تەكلىپ – پىكىرلەر 78

# كىرىش سۆز

21 - ئەسىرگە قەدەم بېسىش مۇساپىسىدە دۇنيا سىياسەت سەھنىسىدە بىرىنچىدىن، ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرىنىڭ دۇنياۋى كۈچىنىڭ ئاجىزلىششىغا ئەگىشىپ، غەرب مەركەزلىك دۇنياغا قارشى كۆپ مەركەزلىك ۋەزىيەتنىڭ ھاسىل بولۇشى؛ ئىككىنچىدىن، خىتاينىڭ يۈكسىلىشى ۋە بۇ يۈكسىلىشنىڭ دۇنياغا نېمىلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنىڭ ئېنىق بولماسلىقى؛ ئۈچىنچىدىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىدىن 500 يىل ئۆتكەندىن كېيىن قايتىدىن ئويغىنىپ، تېخىمۇ مۇرەككەپ بىر ئىسلام دۇنياسىنى يارىتىشىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئۆزگىرىش كۆرۈلدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۆزگىرىشلەر - باشتىن كەچۈرىدىغان ھەر خىل ئامىللارنىڭ ھەمراھلىقىدا - بىز ئۈچۈن مۇئەممابىر يۆنىلىشكە قاراپ سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، كونا دۇنيا تۈزۈمى ۋە خەلقئارا سىستېما يىمىرىلمەكتە، يېڭى بىر سىستېما ۋە تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىش ھارپىسىدا دۇنيا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە خەۋپسىزلىك ساھەسىدە ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈش باسقۇچىغا كىردى. دۇنيانىڭ باش كۆتۈرىدىغان يېڭى مەسىلىلەرگە قارشى يېڭى چارىلەرنى تېپىش ھەلەكچىلىكى باشلىنىدۇ ۋە كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى قايتا شەكىللەندۈرۈش مۇساپىسىدە كارتىلار قايتىدىن تارقىتىلىدۇ.

يۈكسىلىۋاتقان خىتايمۇ دېڭ شىياۋپىڭنىڭ ئۈچ باسقۇچلۇق تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى (1987 - 2020) نى ئورۇنداپ، نۆۋەتتە يېڭى بىر ئۈچ باسقۇچلۇق گۈللىنىش ئىستراتېگىيەسى (2020 - 2050) نى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئىستراتېگىيەچە بولغاندا، خىتاي 2020 - يىلىغا بارغاندا ئوتتۇرھال باياشات جەمئىيەت، 2035 - يىلىغا بارغاندا تەرەققىي قىلغان جەمئىيەت ۋە 2050 - يىلىغا بارغاندا بولسا، زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقىدىكەن.

خىتاي دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ، 2012 ـ يىلى دېكابىردا خىتاي مىللىتىنىڭ قايتىدىن بۈيۈك گۈللىنىش چۈشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 ـ يىلى (1921 ـ 2021) دا ئوتتۇرھال باياشات جەمئىيەتنى ۋە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 ـ يىلى (1949 ـ 2049) دا زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك دۆلەتكە ئايلىنىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. 2017 ـ يىلى ئۆكتەبىردە ئۆتكۈزۈلگەن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 19 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا، خىتايچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. خىتاينىڭ 2035 ـ يىلى دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ كۈچلىرى بىلەن ئوخشاش ھالەتكە كېلىشىنىڭ، 2050 ـ يىلى بولسا، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ كۈچكە ئايلىنىشىنىڭ كويىدا ئىكەنلىكى نامايان بولماقتا. خىتاينىڭ مۇددىئاسى سوتسىيالىستىك چوڭ دۆلەتنى روياپقا چىقىرىشتىن ئىبارەت.

خىتاي رەھبەرلىك ئاپپاراتىدا كۈچلۈك لىدىر (ماۋزېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ) ۋە كۈچلۈك لىدىرلار بىۋاستە تەيىنلىگەن رەھبەرلەر (جياڭ زېمىن، خۇجىنتاۋ) دەۋرى ئارقىدا قالدى. شى جىنپىڭ پارتىيە ئىچىدە كېڭىشىش ئارقىلىق سايلانغان بىر لىدىر بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى رەھبەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا، تايانچ كۈچى ئاجىزدۇر. شى جىنپىڭ نوپۇزىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن بارلىق رەھبەرلىك كۈچىنى مەركەزگە يىغىپ، ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى. شى جىنپىڭنىڭ ھوقۇق دائىرىسى بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى باشلىقلارنىڭ ھەممىسىدىن كۆپ ۋە كۈچلۈك بولۇپ، دىكتاتور تۈزۈم شەكىللەندۈردى. ئۇ، لىدىرلارنىڭ ئىككى باسقۇچلۇق رەئىس بولۇش بەلگىلىمىسىنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئاداققىچە رەھبەر بولۇش ئىمكانىيىتىنىمۇ ياراتتى. شى جىنپىڭ پارتىيە ۋە رەھبەرلىك ئاپپاراتىدىكى رەقىبلىرىنى چىرىكلىكنى باھانە قىلىپ تازىلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش يولىدىكى سىياسەتلىرى خەلقنىڭمۇ قوللىشىغا ئېرىشتى. كۈچلەنگەن ۋە ھەممە كۈچنى ئۆز قولىغا توپلىغان شى جىنپىڭنىڭ خىتاينىڭ يېڭى كۈچلۈك ئورنىغا قاراپ، دەۋرگە ماس ئىسلاھات ۋە يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كېلىشى شەرت بولسىمۇ، ئۇ يېڭى ۋەزىيەتكە كونا مېتود بويىچە مۇئامىلە قىلىشقا تىرىشماقتا ۋە تېخىمۇ قاتتىق قوللۇق تەسىراتى ياراتماقتا.

شى جىنپىڭنىڭ «يېڭى ئاياغ بىلەن كونا يولدا مېڭىشى» (خىتاي ماقالى) 35 يىللىق ئىقتىسادىي ئۇتۇقنى خورىتىش بىلەن بىرگە، خەلقنىڭ خاتىرجەملىك ۋە مۇقىملىقىغىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ. شى جىنپىڭ شەكىللەندۈرگەن بۇ دىكتاتور تۈزۈم، ئەنگلىيەلىك سىياسەتچى لورد ئاكتون (1834 ـ 1902) نىڭ «كۈچ زەئىپلەيدۇ، مۇتلەق كۈچ جەزمەن زەئىپلەيدۇ» دېگەن سۆزىگە چۈشىدۇ.

خىتاينىڭ گۈللىنىشى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنىڭ مۇۋاپىق ئىچكى ـ تاشقى سىياسەتلىرى بىلەن بىرلىكتە رويابقا چىقتى. خىتاي، ئىقتىسادىي جەھەتتە گۈللىنىش بىلەن بىرگە ھەربىي ۋە پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدىمۇ تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلدى. خىتاي دۇنياغا كېڭەيگەن ئىقتىسادىي، سودا ۋە ئېنېرگىيە مەنپەئەتلىرىگە چېتىشلىق پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىنىمۇ يېڭىلىدى. تەرەققىي قىلغان خىتاي، دۇنياغا كېڭەيگەن مەنپەئەتلىرىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن تارىختىكى ئىمپېرىيالىستلارنىڭ كېڭەيمىچى سىياسەتلىرىنى يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. خىتاي كېڭەيمىچى سىياسىتىنى يېقىنقى 500 يىل جەريانىدىكى غەربلىكلەرنىڭ كۈچ ئىشلىتىش ئۇسۇلى بويىچە ئەمەس، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە سودا مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا. بۇنىڭ بىر ئۇسۇلى بولسا، يېڭى يىپەك يولى قۇرۇلۇشى لايىھەسىدۇر. قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزدا بەرپا قىلىنىدىغان ئىككى يول ئارقىلىق خىتاي بىلەن ياۋروپا بازىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي ۋە سودا كۈچىنى قولغا كىرگۈزۈپ، بۇ ساھەدە قائىدە ـ تۈزۈم قويۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولماقچى بولغان خىتاي، ئۈستقۇرۇلما مەركەزلىك بۇ قۇرۇلۇش ئارقىلىق، بېسىپ ئۆتۈش يولىدىكى دۆلەتلەرنى جەلپ قىلىشنى كۆزلىمەكتە. يېڭى يىپەك يولى بويىدىكى بەزى دۆلەتلەرنى قەرز بېرىش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزىگە بېقىندۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا. خىتاينىڭ دۇنيانى باشقۇرۇش ھەۋىسى ئۇنىڭغا قوشنا دۆلەتلەرنى ئەندىشىگە مۇپتىلا قىلىش بىرگە، دۇنيانىڭ چوڭ كۈچى بولغان ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرىنىمۇ ساراسىمىگە سالماقتا. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئۇرۇشى بۇنىڭ ئەكس ئېتىشىدۇر. خىتاي دۇنياغا يېيىلغانسېرى رايون ۋە دۇنياۋى مىقياستا خەلقئارا سىياسەت، ئىقتىساد ۋە خەۋپسىزلىك ساھەلىرى بويىچە يۈز بېرىدىغان

توقۇنۇشلارنىڭمۇ چوڭقۇرلىشىش ئېھتىمالى بار.

يەريۈزىنىڭ مەركىزىدىكى دۆلەت (جۇڭگو) دېگەن تونۇشتىكى سىياسىي مەدەنىيەتكە ئىگە خىتاي، بۈگۈنكىدەك زامانىۋى چاغدىمۇ يەر يۈزى تۈزۈمى (天下秩序 Chinese World Order) ۋە خاراج تۈزۈمى (朝貢體系 Tribute System) نى يېڭىلاپ دۇنياغا سۇنماقتا. بۇ تۈزۈم ۋە سىستېمىنىڭ ئېپىتمولوگىيەسى بولغان كۇڭزى پىكىرلىرىنىمۇ ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن دۇنياغا تونۇتۇشقا ۋە تارقىتىشقا تىرىشماقتا. بىراق، خىتاينىڭ بۇ تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى دېموكراتىيە تۈزۈمىدىكى دۇنيا دۆلەتلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى قىيىن بولۇپ، توقۇنۇش يۈز بېرىدىغانلىقنى مۆلچەرلەش ئۈنچىۋالا قىيىن ئەمەس. خىتاينىڭ سىياسىي مەدەنىيىتىدە «دۇنيا» (Shijie 世界) دەيدىغان بىر ئۇقۇم يوق بولۇپ، بۇددىزمدىن ئېلىنغان «Shijie» دېگەن بۇ سۆز 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا غەرب ئېڭىدىكى «دۇنيا» (world) بىلەن تەڭداش مەنىدە ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. بىراق، «دۇنيا» ئۇقۇمى «يەريۈزى» ئۇقۇمى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلمەكتە. بۇ چېكىش تونۇشىنىڭ، مىللىي دۆلەت مودېلى ئاساسىدا ھاسىل بولغان خەلقئارا سىستېما ۋە مەۋجۇت دۇنيا تۈزۈمى بىلەن، شۇنداقلا غەربنىڭ قىممەت - قاراشلىرى بىلەن زىتلىشىدىغانلىقى ئېنىقتۇر.

خىتايلارنىڭ، مانجۇ ئىمپېراتورلۇقىغا قارشى خىتايلارنىڭ جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ چىقىش تىرىشچانلىقلىرى سايىسىدا ۋۇجۇدقا چىققان خىتاي جۇمھۇرىيىتى (1911 - 1949)، ئىمپېراتورلۇقنىڭ مانجۇرىيە، موڭغۇلىيە، شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەت رايونلىرى ۋە رايون خەلقلىرىگە مىراس سۈپىتىدە ئىگىدارچىلىق قىلدى. موڭغۇلىيە، شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەت رايونلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىگىمۇ يول قويمىدى، ھەر تۈرلۈك سىياسەتلەر بىلەن خىتايغا تەۋە بولمىغان زېمىنلارنى ئىشغال قىلدى ۋە خىتاي بولمىغان خەلقلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىگە تايىنىپ باشقۇردى. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىمۇ بۇ مىراسقا ئىگىدارچىلىق قىلىش يولىنى داۋاملاشتۇرماقتا. خىتاي جۇمھۇرىيەتلىرى ئۆزلىرىنى مىللىي دۆلەت دەپ تونۇشتۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، بىر

ئىمپېراتورلۇق تونۇشى بويىچە باشقۇرۇلماقتا. خىتاينى يوچۇن بىر دۆلەت (Erratic State) دېگەن Lucian W. Pye (1921 ـ 2008)، خىتاينى دۆلەت ئەمەس، يالغاندىن دۆلەت بولۇۋالغان بىر مەدەنىيەت، دەپ تەسۋىرلەيدۇ. بۇ يوچۇق دۆلەتنىڭ خىتاي ئەمەس رايونلاردىكى باشقۇرۇش مەنبەسى ئېنىقسىز ۋە قانۇنلۇق ئەمەستۇر. شۇڭا ئىمپېراتورلۇق تونۇشى بىلەن مىللىي دۆلەت مودېلىنى يۈرگۈزۈۋاتقان خىتاي، خىتايغا ئائىت بولمىغان زېمىنلارنى بېسىۋېلىش بىلەن بىرگە، خىتاي ئەمەس مىللەتلەرنىمۇ ئاسسىمىلياتسىيە قىلماقتا. خىتاينىڭ سىياسىي مەدەنىيىتى بويىچە يەريۈزىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان دۆلەت خىتاي، ئۆزىدىن بولمىغانلارغا ئىشەنمەيدۇ ۋە ئۇلارنى چەتكە قېقىپ يا يوقىتىپ تاشلايدۇ ياكى مۇشۇكلەشتۈرىدۇ.

نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلار تارتىۋاتقان زۇلۇم مۇشۇ خىل ئىدىيەنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە رايوننىڭ بايلىقلىرى ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئورنىمۇ خىتاينىڭ رايوندا ۋەھشىيانە سىياسەتلىرىنىڭ سەۋەبلىرىدىندۇر. خىتاينىڭ يۈكسىلىشى بىلەن بىرگە ئۇيغۇر مەسىلىسىمۇ دۇنيادا تونۇلدى ۋە مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى يۇرت ئىچىدىن چەت ئەللەرگە يۆتكەلدى. ئۇيغۇر مەسىلىسى خېلى كۆپ ساندا دۆلەتنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى. خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى دوكلاتلارنى ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان ۋەھشىيانە قىلمىشلىرىنى پاش قىلماقتا. ئۇيغۇر مەسىلىسى ب د ت ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى دېگەندەك خەلقئارالىق ئورۇنلاردا مۇزاكىرە قىلىنماقتا. چەت ئەللەردىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭمۇ دەۋا يولىدىكى تەجرىبىسى بارغانچە بېيىماقتا ۋە تەسىرىنى كۆرسەتمەكتە. بىراق، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار ۋە تەشكىلاتلار ئارىسىدىكى مەنپەئەت توقۇنۇشلىرى دەۋاغا زىيان سالماقتا.

ئىنستىتۇتىمىز تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان بۇ سىياسىي ماتېرىيال، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن مەسىلىلەرنىڭ تەكشۈرۈلۈشى ۋە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە چارە تېپىشقا ھەسسە قوشۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

# 1.بۆلۈم: خىتاينىڭ خەلقئارالىق ئىستراتېگىيەسى ۋە بۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە كۆرسەتكەن تەسىرى

## *1 - باب: خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭى يىپەك يولى پىلانى ۋە ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىگە بولغان تەسىرى*

خىتاي ھۆكۈمىتى بەش كارىدوردىن تەركىب تاپقان يېڭى يىپەك يولى پىلانىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق خىتاي بازىرى بىلەن ياۋروپا بازىرىنى بىر - بىرىگە باغلاش كويىغا چۈشتى. بۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىستراتېگىيەلىك قىممىتى تېخىمۇ ئاشتى. خىتاينىڭ يېڭى يىپەك يولى پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقى، ئىجرا قىلىدىغانلىقى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىستراتېگىيەلىك قىممىتىنىڭ بۇنىڭغا ئەگىشىپ يەنىمۇ بىر بالداق يۈكسىلىدىغانلىقى تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى[1]. خىتاينىڭ بۇ پىلانى تۆۋەندىكىدەك ۋەزىيەت شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن:

1. خىتاي بەش كارىدور كېسىپ ئۆتىدىغان دۆلەتلەرگە نېفىت بۇرغىلاش ئەسلىھەلىرى ۋە گاز تۇرۇبىسى، تۆمۈريول، تاش يول، ھاۋا يولى، ئىنتېرنېت قاتارلىق ئۆزلىرىگە ئىستراتېگىيەلىك خام ماتېرىيال يۆتكەيدىغان قۇرۇلۇشلارنى ياساپ بېرىش بەدىلىگە بۇ دۆلەتلەرنىڭ خام ماتېرىياللىرىنى ئىمپورت قىلىپ، ئۆزىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىگەن تاۋارلىرىنى بۇ دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىشنى مەقسەت قىلىپلا قالماستىن، ئاسىيادىن ياۋروپاغىچە بولغان دۇنيانىڭ يۈرىكىنى ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن پۈتۈنلەي ئۆزىگە باغلاپ بېقىندۇرۇش ۋەزىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

(1) Erkin Ekrem, <中國的新「絲綢之 路」政策: 新疆的戰略利用>, 第七屆台灣與中亞論壇國際學術會議論文(2007 年 10 月 25-26 日), 中壢: 清雲科技大學清雲館 10 樓 1004 國際會議廳 (中壢市健行路 229 號), 2007年, 頁1-57; Erkin Ekrem, “Türkiye-Çin İlişkilerinin 40 Yılı (1971-2011)” (Rapor), Ankara: Stratejik Düşünce Enstitüsü, Nisan 2012, 37-40

نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خىتاينىڭ بۇ دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىمپورت- ئېكسپورت ئالاقىسىدە تەڭپۇڭلۇق يوق بولۇپ، خىتاينىڭ ئېكسپورت ماللىرىنىڭ پىرسەنتى بۇ دۆلەتلەرنىڭ خىتايغا ئېكسپورت قىلىدىغان تاۋارلىرىنىڭ پىرسەنتىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن. كۆزەتكۈچىلەرنىڭ پەرىزىچە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىشلەپچىقىرىشى تەرەققىي قىلدۇرۇلسا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ خىتاينىڭ ئۆزبېكىستان پاختىسىغا بولغان ئېھتىياجى تۆۋەنلەپ بارىدىكەن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىدىغان مىنېرال ماددىلار، ئېنېرگىيە ۋە يېمەكلىك شۇنداقلا توقۇمىچىلىق خام ئەشيالىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىن كۆپلەپ ئىمپورت قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە.[1]

يېقىندا شەرقىي تۈركىستاندىن ئالغان ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، جازا لاگېرىغا قامالغان ئۇيغۇرلاردىن كېيىن، نىرۋىسى ئاجىز ياكى خىتاي كومپارتىيەسىگە سادىقلىق ئىمتىھانىدىن 100 نومۇر ئېلىپ ئۆتكەنلەردىن باشقا كۆپلىگەن دېھقان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى ئەمگەككە سېلىنىدۇ دېگەن باھانە بىلەن خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە ئېلىپ كېتىلىدىكەن (ھازىرچە يۆتكىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى ئىككى تۈرلۈك پەرەز قىلىنماقتا: بىرى، بىكارلىق ئەمگەك كۈچى سۈپىتىدە قۇل قىلىش. ئىككىنچىسى، ئىچكى ئورگانلىرىنى ئېلىۋېلىپ ئىز-دېرەكسىز يوقىتىۋېتىش).

مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئىچكىرىگە مەجبۇرىي يۆتكەپ كېتىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئورنىغا كۆپلەپ خىتاي ئەمگەك كۈچلىرى يۆتكەپ كېلىنمەكتە. مانا بۇ ئۇچۇرلار خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى خىتايلاشتۇرۇشقا قاراپ ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي ئەمگەك كۈچلىرى

(1) Sarah Lain, «The Potential and Pitfalls of Connectivity along the Silk Road Economic Belt», Marlene Laruelle (ed.), ***China's Belt And Road Initiative and Its Impact In Central Asia***, Washington, D.C.: The George Washington University, 2018:1-10; Paulo Duarte, ***«China in the Heartland: The Challenges and Opportunities of OBOR for Central Asia»***, Marlene Laruelle (ed.), ***China's Belt And Road Initiative and Its Impact In Central Asia***, Washington, D.C.: The George Washington University, 2018:11-20.

ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۆچەۋاتقانلىقى، ئەمما بۇ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئۇيغۇرلارغا ھېچقانداق مەنپەئەت ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە ياساپ بېرىدىغان قۇرۇلۇشلىرىغا كەتكەن چىقىمنى، بۇ دۆلەتلەر نۇرغۇن خام ماتېرىياللارنى خىتايغا بېرىش ئارقىلىق تۆلەيدىغان بولغاچقا ئۇزۇن مۇددەتكىچە ئۇلارنىڭ يىپەك يولى قۇرۇلۇشى لايىھەسىدىن مەنپەئەتلىنىشى قىيىنغا توختايدىكەن. مەسىلەن: تۈركمەنىستان خىتايغا ئېكسپورت قىلىۋاتقان گازدىن پايدا ئالالمايۋاتقان بولۇپ، خىتايدىن ئالغان قەرزلىرى بەدىلىگە خىتايغا گاز ئېكسپورت قىلىدىغان گاز تۇرۇبىلىرىنى ياساۋاتماقتا ئىكەن.[1]

2. يىپەك يىپەك يولى قۇرۇلۇشى لايىھەسىگە قېتىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ خىتايدىن ئالغان قەرزلىرى باشقا دۇنيا بانكىلىرىدىن ئالغان قەرزلىرىگە سېلىشتۇرغاندا زور مىقداردا كۆپ بولۇپ، بۇ دۆلەتلەر قەرزنى قايتۇرالمىغان تەقدىردە، خىتاي بانكىسى باشقا ئۇسۇل بىلەن قەرزلەرنى قايتۇرۇشقا زورلىشى مۇمكىن. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ زېمىنىنى قەرزگە ھېسابلاپ تارتىۋېلىش ئارقىلىق كېڭەيمىچىلىكىنى تېزلەشتۈرۈش مۇمكىنچىلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە يەرلىرىنى خىتايغا بەرمەسلىك دولقۇنلىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان بولۇپ، ئەگەر بۇ دولقۇن كۈچەيسە، خىتاي بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا بولۇشى ۋە بەلكى بۇ توقۇنۇش شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا پايدىلىق شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىشى مۇمكىن.

3. باشقا بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، خىتاينىڭ بۇ دۆلەتلەرگە ئەرزان تاۋارلىرىنى چىقىرىش بەدىلىگە خام ماتېرىياللىرىنى يۆتكەپ كېتىشى، بۇ دۆلەتلەردە ھەرخىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ خەلقنىڭ خىتايغا بولغان

(1) Hyo Sung Park, ***«China's RMB Internationalization Strategy: Its Rationales, State of Play, Prospects and Implications»***, M-RCBG Associate Working Paper Series, No. 63, 2016, p.25.

نارازىلىقىنى كۈچەيتىسمۇ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي كۈچى ئارقىلىق بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرىنى ئۆزىگە مايىل قىلىۋالسا، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئۈچۈن پايدىسىز شارائىت ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن.

4. بىزگە نىسبەتەن ئەڭ پايدىسىز ۋەزىيەت يۈز بېرىپ قالغاندا، يەنى خىتاينىڭ يىپەك يولى قۇرۇلۇشى لايىھەسى غەلىبە قىلغان ئەھۋال ئاستىدا، توشۇلىدىغان ماللارنى قوغداش ۋە شەرقىي تۈركىستان قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇشنى باھانە قىلىپ، ئۆزى كېڭەيگەن دۆلەتلەرگە نۇرغۇن ئەسكەر يۆتكىۋېلىشى ۋە بۇ رايونلاردا ھەربىي بازا قۇرۇۋېلىشى مۇمكىن. نۆۋەتتە 50 مىليوندىن ئارتۇق خىتاي پۇقراسى خىتاي دۆلىتى سىرتىدا ياشاۋاتقان[1] بولۇپ بۇنىڭ بىر قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئافرىقىغا يەرلەشمەكتە. خىتاينىڭ بۇ گراژدانلىرىنى قوغداشنى باھانە قىلىپ بۇ دۆلەتلەردە ھەربىي بازا قۇرۇشى زۆرۈر بىر مەسىلىگە ئايلىنىشى مۇمكىن. نەتىجىدە شەرقىي تۈركىستانغا قوشنا بولغان بۇ دۆلەتلەر خىتاينىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قېلىپ، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئوتتۇرا ئاسىيادا پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

5. يىپەك يولى قۇرۇلۇشى لايىھەسى غەلىبە قىلسا خىتاي ئىقتىسادى بىلەن دۇنيا ئىقتىسادى بىر-بىرىگە تېخىمۇ چەمبەرچاس باغلىنىدۇ. بۇ سەۋەبتىن خىتاي پۇلىنىڭ خەلقئارالىششى بىلەن خىتاي دۇنيا ئىقتىساد سەھنىسىدە تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋال خىتاينىڭ خەلقئارا پۇل مۇئامىلە ساھەسىدە تېخىمۇ چوڭ رول ئوينىشىغا سەۋەب بولىدۇ. مەسىلەن: 2001- يىلى خىتاينىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا قوبۇل قىلىنىشى بىلەن، خىتاي پۇلىنى خەلقئارالاشتۇرۇشقا يول ئېچىلدى. 2015- يىلى يانۋاردىن ئاپرېلغىچە ئاسىيا تىنچ ئوكيان رايونىدىكى پۇل مۇئامىلىنىڭ 31% دە خىتاي پۇلى ئىشلىتىلدى.[2]

6. خىتاي ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر ئىقتىسادىي جەھەتتىن خىتايغا بېقىنىپ

(1) Huiyao Wang, ***«China›s Competition for Global Talents: Strategy, Policy and Recommendations»***, *Reserch Reports*, Asia Pacific Fundation of Canada, May 24, 2012, p.3.

(2) Hyo Sung Park, 2016, 25.

قالغانلىقتىن، خىتاي ئىقتىسادىنىڭلا ئەمەس يەنە سىياسىتىنىڭمۇ تەسىرىگىمۇ ئۇچراپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپانى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر دىياسپوراسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرىكەت دائىرىسى تارىيىپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ خىل ئەھۋال خىتايغا بېقىنىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ خىتاي تەرەققىياتىنى ئۈلگە قىلىشى نەتىجىسىدە دېموكراتىيەنى چەتكە قېقىشىنى تېزلىتىپ، بۇ جايلاردا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىسىز شارائىتلارنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. خىتايغا قوشنا دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىن پائالىيەت قىلىشى مۇمكىن بولمايۋاتقان ھەتتا ھاياتى تەھدىت ئاستىدا قېلىۋاتقان بەزى مىساللار كۆرۈلۈۋاتىدۇ.

7. خىتاينىڭ خىتاي مەدەنىيىتىنى تارقىتىشى يېڭى يىپەك يولى قۇرۇلۇشى لايىھەسى بىلەن ماس قەدەمدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تاكتىكا بولۇپ، يېقىندا خىتاينىڭ لى لېي سوڭ، جاۋ چىچى قاتارلىق مۇتەخەسسىسلىرى بۇ ھەقتە «بىر بەلۋاغ بىر يول لايىھەسى ۋە خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا قارىتىدىغان مەدەنىيەت دىپلوماتىيەسى» سەرلەۋھىلىك بىر ماقالە ئېلان قىلغان. ماقالىدا خىتاينىڭ دۇنياغا مەدەنىيىتىنى تارقىتىش دىپلوماتىيەسىنى مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلگەن:

قىسقا مۇددەت دىپلوماتىيەسى : قىسقا مۇددەت ئىچىدە، ئۆزىنى قوغداش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خىتاي ياۋروپاغا تەھدىت دەيدىغان تەشۋىقاتلىرى بىلەن كەسكىن كۈرەش قىلىش.

ئوتتۇرا مۇددەت دىپلوماتىيەسى: ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنى كۆۋرۈك قىلىپ تۇرۇپ ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ئورنىتىش.

ئۇزۇن مۇددەت دىپلوماتىيەسى: خىتاينىڭ ئالقىشقا لايىق ئوبرازىنى تىكلەپ خىتاي مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلدۇرۇش.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خىتاي ئۆز مەدەنىيىتىنى تارقىتىش

دىپلوماتىيەسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، خىتاينىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرۈۋېتىدىغان ھەرقانداق ھۆجۇمدىن قاتتىق ئەنسىرەشكە باشلىغان.

8. خىتاينىڭ يېڭى يىپەك يولى قۇرۇلۇشى لايىھەسىنى يولغا قويۇشى، بىر تەرەپتىن ئېتىقاندا شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ئۈچۈن بىر پۇرسەت بولۇپ، يېڭى يىپەك يولى قۇرۇلۇشى لايىھەسىنىڭ زىيىنىغا ئۇچراپ كېتىدىغان دۆلەتلەر ۋە خىتاينىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىشىنى خالىمايدىغان دۆلەتلەرنىڭ خىتاي بىلەن دۈشمەنلىشىشىنى كۈچەيتىپ، دوستلىرىمىزنى كۆپەيتىدۇ. نۆۋەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى تاجىكىستان بىلەن ئۆزبېكىستاننىڭ، ئۆزبېكىستان بىلەن قىرغىزىستاننىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆز ئارا ياخشى بولماسلىقى، بۇ دۆلەتلەرنى تۇتاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشقا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇۋاتقان ئامىللارنىڭ بىرى بولسىمۇ، ئەمما بۇ دۆلەتلەردە كۈچىيىۋاتقان مىللەتچىلىك ۋە خىتايلارنى ياقتۇرماسلىق ئاساسىي مەسىلە بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقماقتا. 2015 ـ يىلىدىكى قازاقىستان خەلقىنىڭ خىتايغا يەر ئىجارە بېرىشكە قارشى نامايىش قىلىشى، شۇنداقلا خىتايدىكى جازا لاگېرىغا سولانغان قازاقلار ئۈچۈن بۇ يىل قازاقىستاندا ئېلىپ بېرىلغان قارشىلىق ھەرىكەتلىرى بۇنىڭ بىر مىسالى. ئەگەر خىتاينىڭ بۇ پىلان ـ لايىھەسى ئەمەلگە ئاشمىسا، گەرچە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەۋجۇت ئەھۋالىدا بىرەر ئۆزگىرىش بولمىغان تەقدىردىمۇ، خىتاينىڭ دۇنياغا كېڭەيمىچىلىك قىلىش نىيىتى، يەنى ئۆز ئىدېئولوگىيەسى ۋە مەدەنىيىتىنى ئېكسپورت قىلىش نىيىتى ئەمەلگە ئاشمىغان بولىدۇ. ئەمما خىتاي بۇ پىلان ـ لايىھەسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىدۇ ۋە بىرىنچى قەدەمنى ئېلىپ بولدى. نۇرغۇن دۆلەتلەر بۇ پىلان ـ لايىھەگە ئىمزا قويدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا لايىھەنىڭ مەغلۇپ بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى نەزەرگە ئالساق، بۇ ئېھتىماللىققا ئىگە مەغلۇبىيەت خىتاينىڭ يېرىم يولدا پاتقاققا پېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت ھازىرلايدۇ. چۈنكى يېرىم يولدىكى مەغلۇپ بولۇشنى ئەلۋەتتە خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپا دۆلەت ۋە خەلقلىرى بىلەن پەيدا بولىدىغان توقۇنۇشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ۋە ياكى بۇ توقۇنۇشقا سەۋەب بولىدۇ. ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر

ۋاقىتتا بۇ توقۇنۇشلار شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا يېڭى پۇرسەتلەر سۇنۇشى مۇمكىن.

## تەكلىپ ۋە تەۋسىيە:

ئا) يۇقىرىقى تەھلىلدىن قارىغاندا، يېڭى يىپەك يولى قۇرۇلۇشى لايىھەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەرىكىتىگە پايدىلىق پۇرسەت يارىتىشىدىن، پايدىسىز پۇرسەت يارىتىش ئېھتىماللىقى چوڭ. شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى، خىتاينىڭ يېڭى يىپەك يولى قۇرۇلۇشى لايىھەسىگە قارشى چىققۇاتقان ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۇيغۇرلارغا زىيان سېلىۋاتقان بۇ پىلان - لايىھەنى توسۇشتا ھەمكارلىق پىلانلىرىنى تۈزۈش يولىنى جىددىي ئىزدىنىپ بېقىشى لازىم.

ب) شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە خىتاي كېڭەيمىچىلىك يۈرگۈزۈۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ خەلقىگە يېڭى يىپەك يولى قۇرۇلۇشى لايىھەسىگە سېلىنىۋاتقان مەبلەغنىڭ خىتاينىڭ مۇستەقىل خۇسۇسىي شىركەتلىرى تەرىپىدىن ئەمەس، ئەكسىچە خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ بىۋاسىتە ئارىلىششى بىلەن سېلىنىۋاتقان مەبلەغ ئىكەنلىكىنى يەنى خىتاي دۆلەت كاپىتالىنىڭ مەبلىغى ئىكەنلىكى، بۇ ساھەدىكى ئۆچۈرلارنىڭ بىر دۆلەتنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كەڭ تەشۋىق قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەتلىرىگە بۇ ھەقتە دوكلات يوللاش ۋە باشقا لوبىيچىلىق ھەرىكەتلىرىنى جانلاندۇرۇش لازىم.

س) خىتاينىڭ مەدەنىيەت كېڭەيمىچىلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ھەرقايسى ئەللەرگە خىتاينىڭ ھەققىي ئەپتى- بەشىرىسىنى پاش قىلىش خىزمەتلىرىمىزنى كۈچەيتىش لازىم. خىتاي كۈچمەنلىرى ئېلىپ كېلىدىغان قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتلەر، خىتايدىكى مەن مەركەزچىلىك سىياسىي مەدەنىيىتى يارىتىدىغان سەلبىي خەۋپلەر، خىتاينىڭ يىپەك يولى قۇرۇلۇشى لايىھەسىدىكى بەزى دۆلەتلەرنى ئاۋۋال قەرزدار قىلىپ تۇرۇپ، ئاندىن بۇ دۆلەتلەردىن ئىقتىسادىتىن باشقا

ساھەلەردىن مەنپەئەتلىنىش قارا نىيىتىنى، يەنى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن ئۆزگە بېقىندۇرۇش غەرىزىنى پاش قىلىش لازىم.

### 2 - باب: خىتاي بىلەن غەربنىڭ داۋاملىشىۋاتقان ئىدېئولوگىيە ئۇرۇشى

نۆۋەتتە ئامېرىكىدىن دۇنيادىكى بىردىن بىر ئالاھىدە كۈچ ئورنىنى تالىشىش ئىستراتېگىيەسى ۋە مۇستەبىت تۈزۈمنى سادىقلىق بىلەن قوغداش پوزىتسىيەسى، خىتاينىڭ تاشقى ئىشلار سىياسىتىدە تۈرتكىلىك رول ئويناۋاتقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىپادىلىرىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

1. شى جىنپىڭنىڭ بىر «بىر پارتىيە، بىر ئادەم ھۆكۈمرانلىقى» سىياسىتىنى كۆپلەپ تەشۋىق قىلىشى.

2. خىتايدىكى دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىككە قارىتىلغان تەنقىدلەرگە، خىتاينىڭ غەرب دۇنياسىدىن مەدەنىيەت ۋە قىممەت قاراش جەھەتتە پەرقلىنىدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ قارشى تۇرۇشى.

3. غەربنىڭ دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇقتا، خىتاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى يۈكسىلىشىنى باھانە قىلىپ، «ھەق- ھوقۇق ۋە سىياسىي ئەركىنلىك مۇھىم ئەمەس، بېيىش مۇھىم كۆز قارىشى» بىلەن قارشى تۇرۇشى.

مەسىلەن، شىنخۇا قاتارلىق خىتاي دۆلەت خەۋەر ۋاستىلىرى بۇ ھەقتە كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان بولۇپ، خىتاي سوتسىيالىزم ئىنستىتۇتى مۇئاۋىن مۇدىرى يې خاۋۋەن تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان بىر ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە(1)، خىتاينىڭ ئۆز ئالدىغا دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق چۈشەنچىسى بولۇپ، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ غەرب دۆلەتلىرىگە تەۋە پاتېنت ئەمەسلىكىنى، خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق خىتاي ئىقتىسادىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىۋاتقانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن خىتاي

(1) 叶小文, <中国共产党与民主、自由、人权>, 《北京日报》2016年08月01日. http://www.bjd.com.cn/sy/llzk/201608/01/t20160801_11031866.html

تەشۋىقاتلىرىدىنمۇ خىتاي ھۆكۈمىتى دەۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق چۈشەنچىسىنىڭ پۇقرالار ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىلىپ چۈشەندۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

4. خىتاينىڭ خەلقئارالىق تەشكىلاتلاردا ئۆز كۈچىنى جارى قىلدۇرۇپ سۆز ھوقۇقىنى ئىگىلىۋېلىشقا ئۇرۇنۇشى: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تىنچلىق قىسىملىرىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇشى، خەلقئارالىق پۇل مۇئامىلە فوندىدا ئاۋازىنى كۆپەيتىشى، گ20 گە قاتنىششى، يېڭى يىپەك يولى قۇرۇلۇشى لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قوشنا ئاسىيادىن ياۋروپاغىچە كېڭىيىش نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىششى، شۇنداقلا ئاسىيا مەبلەغ سېلىش بانكىسىنى قۇرۇشى، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى، بوئاۋ- ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى خىتايغا مەركەزلەشتۈرۈشى قاتارلىقلار.

5. باشقا دۆلەتلەرگە ئىقتىسادىي بېسىم ئىشلىتىش، تەتقىقات مەركەزلىرىگە سىڭىپ كىرىش ۋە كۆڭزى ئىنستىتۇتلىرىنى قۇرۇش ئارقىلىق خىتاي ئىدېئولوگىيەسىنى تارقىتىشقا ئۇرۇنۇشى.

ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ئامېرىكىدا 100 دىن ئارتۇق كۇڭزى ئىنستىتۇتلىرى بار[1]. 142 دىن ئارتۇق دۆلەتتە جەمئىي 1500 دىن ئارتۇق كۇڭزى ئىنستىتۇت ۋە دەرسخانىلىرى بولۇپ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىدېئولوگىيەلىك ئۇرۇشىدا يۇمشاق كۈچ قورالى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىنىدۇ[2]. كۇڭزى ئىدىيەسى بولسا فېئودالىزمنىڭ پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ياقىلايدىغان، ھەم دۆلەت ئادەملىرىنى ھەم پۇقرالارنى پادىشاھقا، يەنى مەركىزى كۈچكە بېقىندۇرىدىغان بىر ئىدىيە. بۇلاردىن باشقا خىتاي يەنە دۇنيا بويىچە 1700 دىن ئارتۇق خەلقئارالىق

(1) Josh Rogin, «***China's infiltration of American colleges***», *The News Observer*, February 20, 2018, https://www.newsobserver.com/opinion/op-ed/article201055139.html

(2) Tara Francis Chan, «***A US-funded think tank dropped a speaker working for China's secretive overseas influence arm, which shows how the nation is struggling to deal with foreign interference***», *Business Insider*, May 8, 2018, 4:04 AM .http://www.businessinsider.com/wilson-center-speaker-china-influence-united-front-2018-5

تەشكىلاتلارنىڭ ئاكتىپ ئەزايى بولۇپ، بۇ تەشكىلاتلاردا ئاكتىپ پائالىيەت قىلىش ئارقىلىق ئۆز تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ كەلمەكتە[1]. خىتاي يەنە ئۆزىنىڭ يۇمشاق كۈچى شۇنداقلا باشقا دۆلەتلەرنىڭ سىياسىتىگە بولغان تەسىرىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن باشقا دۆلەتلەرنىڭ پىرېزىدېنت سايلىمىغا ئارىلىشىپ كەلمەكتە. مەسىلەن: 2016 ـ يىلدىكى ئامېرىكا پىرېزىدېنت سايلىمى مەزگىلىدە خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇر قانات پارتىيەگە 1.3 مىليون دوللار ئىئانە قىلغان[2]. ئۇنىڭدىن باشقا ئامېرىكىدا تەخمىنەن بەش مىليون ئەتراپىدا خىتاي پۇقراسىنىڭ ئامېرىكىدا قىلىپ ئامېرىكا پۇقراسى بولۇش پىلانىنىڭ بارلىقى مەلۇم[3]. ئۇنىڭدىن باشقا خىتاي يەنە تەيۋەن، ۋېنېسۇئېلا، كامبودژا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ شۇنداقلا ئافرىقىدىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ سايلاملىرىغىمۇ قول تىقىشقا ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە.

گەرچە دېڭ شياۋپىڭ دەۋرىدە خىتاي «韬光养晦» (كۈچىنى يوشۇرۇش) سىياسىتىنى قوللانغان بولسىمۇ، شى جىنپىڭ ئىدېئولوگىيەدە قارشىلىشىش، ئۆز ئىچىدە مۇستەبىت سىياسەت يۈرگۈزۈش، ھەتتا بېسىۋېلىنغان شەرقىي تۈركىستاندىمۇ پۈتۈنلەي خىتايچىلاشتۇرۇش سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق دۇنياغا تەھلىكە ئېلىپ كېلىدىغان فاشىزمغا قاراپ تەرەققىي قىلىشى مۇمكىنچىلىكى بولغان ئېيتىنىك مىللەتچىلىكىنى 2049 يىلغىچە «خىتاي چۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش» شوئارى بىلەن ئاشكارىلىدى. ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى غەرب بىلەن بولغان توقۇنۇشىنى، تىرامپ ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكىنى دۇنيا سەھنىسىدىن يىراق تارتىشى، مىللەتچىلىكنى ئاساس قىلغان دېموكراتىيەنىڭ دۇنيادا تېخىمۇ كۈچىيىشى بىلەن بارغانسېرى ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا

(1) Aaron L. Friedberg, ***«The Future of U.S.-China Relations»***, *International Security*, Vol. 30, No. 2 (Fall 2005), pp. 7-45.

(2) Jonas Parello and Belinda Li, ***«The Chinese Communist Party›s Foreign Interference Operations: How the U.S. and Other Democracies Should Respond»***, The Hudson Institute Report, June 2018, https://s3.amazonaws.com/media.hudson.org/files/publications/JonasFINAL.pdf

(3) ***«Chinese in the U.S. Fact Sheet»***, *Pew Research Center*, March 09, 2017, http://www.pewsocialtrends.org/fact-sheet/asian-americans-chinese-in-the-u-s/

باشلىدى. ئەمما خىتاينىڭ دۇنياغا كېڭەيمىچىلىك قىلىش نىيىتىنى پەردازلاشقا ئۇرۇنۇپ، غەرب ئىدېئولوگىيەسىگە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىدېئولوگىيە ئۇرۇشىنى چاندۇرماسلىق تاكتىكىسى بىلەن يوشۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى ئېنىق. ئامېرىكىنىڭ دۇنياغا دېموكراتىيەنى تارقىتىش سىياسىتىگە پوتونلەي ئوخشىمايدىغان شەكىلدە ئۆزلىرىنى پەردازلاپ دۇنيا دۆلەتلىرىگە «خىتاي دۇنيا دۆلەتلىرىگە ئۆز ئىدېئولوگىيەسىنى تاڭمايدۇ پەقەت ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتكىلا كۆڭۈل بولىدۇ» دېگەن تەشۋىقاتىنى تارقىتىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن چەتئەلگە مەبلەغ سالغان خىتاي شىركەتلىرىنىڭ خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇشى، ئىقتىسادىي مەبلەغ سېلىش ۋە سودا مۇناسىۋەتنى باھانە قىلىپ تاشقى دۆلەتلەرگە ئىشپىيونلۇق مەبلىغىنى كۆپەيتىشى، ھەتتا سودا ۋە ئاكادېمىك ساھەدىكى نوپۇزلۇق كىشىلەرنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق دۆلەت سىياسىتى يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىيونلارنىڭ ئۆز دۆلىتى سىياسىتىگە تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىشى قاتارلىقلار بۇنىڭ دەل ئەكسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن، 2017 - يىلى ئاۋستىرالىيەدىكى ئەمگەكچىلەر پارتىيەسى بىلەن ئەركىنلىك پارتىيەسىنىڭ خىتايدىن ئىئانە سۈپىتىدە 5م مىليون دوللار پارا ئالغانلىقى مەلۇم بولغان[1].

خىتاينىڭ دۇنيا سەھنىسىدىكى ئىدېئولوگىيە ئۇرۇشى شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن ھەم پايدىسىز ھەم پايدىلىق بولۇش ئېھتىماللىقى بار بولۇپ، ئەگەر خىتاي دېموكراتىيەنىڭ ئاجىزلىششى داۋاملاشقان ئەھۋال ئاستىدا، غەرب بىلەن بولغان ئىدېئولوگىيە ئۇرۇشىدا مەلۇم ئۈستۈنلۈككە ئېرىشسە ۋە ھەرقايسى دۆلەت ئېتنىك مىللەتچىلىكى كۈچىيىپ كەتسە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوللاش سۈسلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. ئەمما، دۆلەتلەردە ئېتنىك مىللەتچىلىكنىڭ كۈچىيىشى، دېموكراتىيەنىڭ ئاجىزلىششى سەۋەبىدىن خەلقئارا قانۇن-تۈزۈم سىستېمىسىنىڭ كۈچىدىن قېلىشىنى تېزلىتىپ، دۆلەتلەر ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئايرىم ھەرىكەت قىلىدىغان ھالەت شەكىللىنىشى

(1) Jamie Symith, ***Austiralian MP quits in Chinese influence scandal***, *Financial Times*, 11 December 2017, https://www.ft.com/content/7ac14e70-ded8-11e7-a8a4-0a1e63a52f9c

مۇمكىن. ئۇ ھالدا يېقىن مۇددەتتە بەلكىم بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «خىتاينىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشماسلىق» تەك مەيدانى ۋە «خەلقئارا قانۇننىڭ ئىشقا يارىماسلىقى» دەك ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ، خىتاي بىلەن ئوچۇق ئاشكارا تىركىشەلەيدىغان بەزى دۆلەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى بىۋاستە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش پۇرسەتلىرى يارىتىلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

## تەكلىپ ۋە تەۋسىيە:

ئا) شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بۇ خىل ئەھۋاللارنىڭ ھەر ئىككىسىگە ھازىرلىق كۆرۈپ قويۇشى كېرەك. بولۇپمۇ دېموكراتىيەنىڭ ئاجىزلىشىشىغا قارشى بولغان دېموكراتىيەنى قوغدىغۇچى شەخس ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ ۋىجدانىنى ئۇيغۇر مەسىلىسى ئارقىلىق ئويغىتىپ، ئۇلارنىڭ خىتايغا دىپلوماتىك ۋە ئىقتىسادىي بېسىم قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش. يەنە بىر تەرەپتىن خىتاي بىلەن بىۋاستە مەنپەئەت تىركىشىشى ۋە دۈشمەنلىكى بولغان دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، خەلقئارا قانۇننىڭ ئىشقا يارىماسلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، خىتايغا قارشى مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىمىز ئۈچۈن ياردەم ئىزدەش.

ب) خىتاي بىلەن ئىدېئولوگىيە دۈشمەنلىكى بولغان دۆلەتلەرگە تېزلىكتىن شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىدېئولوگىيەسىنى سۇنۇش.

س) خىتاي بىلەن بولغان ئىدېئولوگىيە ئۇرۇشى ئاساسەن غەرب دېموكراتىك دۆلەتلىرىدە ۋە تۈركىي قېرىنداش دۆلەتلىرىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، مىللىي ئىدېئولوگىيەمىزنى تۆۋەندىكى ئىدىئولوگىيەلەرنى ئاساس قىلىپ يېزىپ چىقىش:

a) مىللەتچىلىك ئىدېئولوگىيەسىدىكى تېررىتورىيە مىللەتچىلىكىنى ئاساس قىلغان، باراۋەر ئۇلۇس دۆلەت قۇرۇش ئىدېئولوگىيەسىنى سۈزۈپ ئېلىش (يالغۇز بىرلا ئېتنىك مىللەتنى ئاساس قىلغان ئەمەس بەلكى شۇ تېررىتورىيەنىڭ ئىگىلىرى بولۇشقا ھوقۇقلۇق بولغان بارلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى تەرغىب قىلىدىغان كۆپ مىللەتلىك دۆلەت قۇرۇش ئىدېئولوگىيەسى).

b) ئىسلام دىنىنىڭ ئادالەت ۋە باراۋەرلىك ئىدېئولوگىيەسىنى ئانا ئىدېئولوگىيە مەنبەلىرىنىڭ بىرى قىلىش.

c) ياۋروپادا قۇرۇلغان غەلىبىلىك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق دۆلەتلىرىنىڭ پاراۋانلىق تۈزۈم - سىستېمىلىرىنى سۈزۈپ ئېلىش.

d) شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تارىخىي مىللىي خاراكتېرىگە ماس كېلىدىغان ئەپسانىلىرىدىن (مىف) بەزى يېڭى ئىدېئولوگىيەلەرنى يارىتىش. تىنچلىق مەپكۇرىسىنى شەرقىي تۈركىستان مىللىي دۆلەت سىستېمىسىنىڭ ئاساسلىق ئىدېئولوگىيە ئاساسلىرىدىن بىرى قىلىش.

E) خىتاينىڭ ئىدېئولوگىيە ئۇرۇشىنىڭ ماھىيىتىنى تەتۈردىن چىقىپ ئىسپاتلاش ئارقىلىق ئېچىپ تاشلاش، خەلقئارالىق دىپلوماتلارنى خىتاي بىلەن بولغان ئىدېئولوگىيە ئۇرۇشى مۇناسىۋىتىدە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىنى كۆتۈرۈپ چىقىشقا ئاساسلاندۇرۇش. بولۇپمۇ ئەگەر خىتاي ئۆزلىرى دېگەندەك ئۆز ئىدېئولوگىيەسىنى دۇنياغا تاڭمايدىغان بىر دۆلەت بولسا نېمە ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە تاڭىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەملىكە قىلغاندىن بېرى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاڭالمىغان ئىدېئولوگىيەسىنى، خىتاينىڭ ھەربىي، دىپلوماتىيە ۋە ئىقتىسادتا كۈچىيىشى بىلەن بۇ قەدەر كەسكىن،تېز ۋە ۋەھشىي شەكىلدە بىلەن تېڭىشقا باشلىدى؟ دېگەن سوئاللار ئاساسىدا ئويلىنىشنى، ھەرقايسى دۆلەتلەر دىپلوماتلىرىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان دىپلوماتىك ئۇرۇشىدا قولغا كەلتۈرۈش.

### 3 - باب: خىتاينىڭ خەلقئارادىكى ھەربىي كېڭەيمىچىلىك تەھدىتى ۋە تور ئۇرۇشى

دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان رايونلىرىدا ئوخشىمىغان شەكىلدە چوڭ-كىچىك خاراكتېردە ئۇرۇشلار داۋام قىلماقتا. بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ئاساسلىق تىپى ۋاكالەت ئۇرۇشى ياكى ئاسىمېترىك ئۇرۇش. ئاسىيا ۋە ئافرىقا رايونلىرى بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاساسلىق ئېلىپ بېرىۋاتقان رايونلار. بۇ ئۇرۇشلار ياراتقان خەۋپ، قورقۇنچ،

ئەنسىرەشلەر، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە چېگرا - مۇداپىئە سەۋەبلىك دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي چىقىم ۋە مۇداپىئە خامچوتى داۋاملىق تۈردە ئېشىپ ماڭغان. ھەرخىل سەۋەبلەر دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي خىراجىتىنى ۋە مۇداپىئە خامچوتىنى ئاشۇرغان. ئامېرىكا بۇ ئىككى ساھەدە داۋاملىق ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا، (610 ۋە 603 مىليارد دوللار ۋە ئارقىدا كەلگەن ئون دۆلەتنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ كۆپ). خىتاي دۆلىتى بۇ ساھەلەردە 2 - ئورۇندا تۇرىدىكەن[1]. ھەربىي خامچوتىنىڭ ئېشىشى خىتايدىن كېلىدىغان تەھدىتنى ئاشۇرۇۋاتقان بولۇپ، خىتاي دۆلىتىنىڭ تاشقى سىياسىتىدە يۇمشاش كېڭەيمىچىلىكتىن قاتتىق قوللۇق بىلەن ئاشكارا كېڭەيمىچىلىككە ئۆتۈش، ئارمىيەنى تەرەققىي قىلدۇرۇش شۇنداقلا دۇنيادىكى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئارمىيە قۇرۇپ چىقىش پىلانى ئىجرا قىلىنماقتا. بۇنىڭ ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. خىتاي دۆلىتى چەتئەلدىكى دۆلەتلەردە تۇنجى بولۇپ ئەسكىرى بازا قۇردى ۋە ئەسكەرلىرىنى ئۇ يەرگە يەرلەشتۈردى. مەسىلەن، خىتاي ھۆكۈمىتى جىبۇتىدا تۇنجى ھەربىي بازىسىنى قۇردى[2]. پاكىستاندىمۇ ھەربىي بازا قۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتا. بۇنىڭدىن باشقا خىتاي باشقا دۆلەتلەر بىلەن بىرلىشىپ توختىماي ھەربىي مانېۋىر ئېلىپ بېرىۋاتقان بولۇپ 2013 - يىلىغا كەلگۈچە 25 قېتىم بىرلىشىپ ھەربىي مانېۋىر ئېلىپ بارغان[3].

2. خىتاي دۆلىتى سۈنئىي ئەقلى ئىقتىدار جەھەتتىمۇ كۆپ مەبلەغ سېلىپ بۇ ساھەدە دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىنقى كۈچى بولۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. 2017 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكىدىن پىرېزىدېنت ترامپ ۋە مۇداپىئە مىنىستىرى دۆلەت خەۋپسىزلىكى ۋە تاشقى مۇداپىئە ئىستراتېگىيەسىدە خىتاي ۋە رۇسىيەنى

(1) SIPRI Fact Sheet, ***«Trends In World Military Expenditure»***, May 2018 https://www.sipri.org/sites/default/files/2018-05/sipri_fs_1805_milex_2017.pdf

(2) Dean Cheng, ***«China Is Doubling down on Its Hardline Stances at Home and Abroad»***, *The National Interest* October 31, 2017, https://nationalinterest.org/blog/the-buzz/china-doubling-down-its-hardline-stances-home-abroad-22977

(3) ***«Nepal-China joint military drill kicks off»***, PRC Ministry of National Defence, 17 April 2017, http://eng.mod.gov.cn/MilitaryExercises/index.htm

ئاساسلىق دۈشمەن دەپ يازدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى قەدەمدە بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئالىي دۆلەت مەنپەئەتلىرىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىقىنى ۋە بۇلارنى ئاساسلىق نىشانلىغانلىقى توغرىلىق توختالغان[1].

3. خىتاي بىۋاستە ھەربىي ئېنېرگىيە قوراللىرى، كۋانتۇم تېخنىكىسى قاتارلىق بىر قاتار ھەربىي تېخنىكىلىرىغا كۆچەپ مەبلەغ سېلىش بىلەن بىرگە «ئادەمسىز، شەكىلسىز، ئاۋازسىز» ئۇرۇش تېخنىكىسىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن مەبلەغ سېلىۋاتقان بولۇپ[2]، بۇ خىتاينىڭ پۈتۈن دۇنياغا ئەتىكى ئۇرۇشنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈنلا ئەمەس بەلكى ئامېرىكا باشلىق پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن قورقۇنچلۇق تەھدىت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

### تەكلىپ ۋە تەۋسىيە:

ئا) شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى خىتاينىڭ بۇ كېڭەيمىچىلىك سىياستى نەتىجىسىدە يارىتىلىدىغان شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ، تەھدىتكە ئۇچرىغان دۆلەتلەر ۋە قارشى چىققانلار بىلەن ھەمكارلىششقا تىرىششى كېرەك.

ب) شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى، مەخسۇس خىتاي تەتقىقات بۆلۈمى ئېچىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى خىتاي دۆلتىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەر، شۇنداقلا ئۆكتىچى خىتايلار بىلەن ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ ۋە كۆپلەپ تەتقىقات دوكلاتلىرىنى تەمىنلەش ئارقىلىق چەت دۆلەتلىرىنى خىتاي تەھدىتى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇشى كېرەك.

### 4 - باب: خىتاينىڭ ئامېرىكا بىكىنمىچىلىك سىياستىدىن مەنپەئەتلىنىشى

ترامپنىڭ ئامېرىكىدا ھاكىمىيەتكە چىقىشى بىلەن ئامېرىكا بىكىنمىچىلىك

---

(1) Michael E. O’Hanlon, ***«On the 2018 National Defense Strategy»***, Brooking Institute, January 21, 2018, https://www.brookings.edu/blog/order-from-chaos/2018/01/21/on-the-2018-national-defense-strategy/

(2) Peng Guangqian and Yao Youzhi (eds.), ***The Science of Military Strategy***, Beijing: Military Science Press, 2013, pp. 97-98.

سىياسىتى يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇدا تۆۋەندىكى خاتا ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلدى:

1. مۇھىت مەسىلىسىدە ئامېرىكىنىڭ پارىژ كېلىشىمىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشى.

ئامېرىكا پىرېزىدېنت ترامپنىڭ پارىژ كېلىشىمىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشى بىلەن دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ مۇھىت قوغداش خىزمىتىدىكى ھەمكارلىششى توسالغۇغا ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى بۇ توختام بويىچە ئامېرىكا ۋە شىمالى ياۋروپادىكى باي دۆلەتلەر دۇنيادىكى كەمبەغەل دۆلەتلەرگە مۇھىت قوغداش توغرىسىدا ۋەدە قىلغان 100 مىليون دوللارلىق ياردەم پۇلىنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسى تۇغۇلدى. بۇنىڭ بىلەن خىتاي دۆلىتى بۇ كېلىشىمنى قوللايدىغانلىقى ۋە ئىگە بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئەمەلىيەتتە خىتاي دۆلىتىنىڭ بۇ كېلىشىمگە ئەگەشمىكى ۋە ئىجرا قىلمىقى ناھايىتى تەس. چۈنكى مۇھىت مەسىلىسى خىتاينىڭ ئەڭ چوڭ بىر مەسىلىسى بولۇپ، دۇنيادىكى مۇھىتى ئەڭ قاتتىق بۇلغانغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى. گەرچە بۇ ساھەدە كۆپ كۈچ چىقارغان بولسىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. خىتاينىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ خىتاي پۇقرالىرى مۇھىتنى ياخشىلاشنى كۆپلەپ تەلەپ قىلىشى مۇمكىن[(1)].

2. ئامېرىكىنىڭ ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشى.

ئامېرىكىنىڭ بۇ ئورۇننى بوشىتىشى نەتىجىسىدە خىتاي دۆلىتى بۇ يەردە تېخىمۇ كۈچلۈك بىر سۆز ساھىبى بولىدۇ ۋە ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن قۇرغان خەلقئارا تۈزۈلمىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبلىرىدىن بىرى بولغان كىشىلىك ھوقۇق قىممەت قارىشىنىڭ ئاجىزلىششى خىتاي

(1) Hai-Bin Zhang, Han-Cheng Dai, Hua-Xia Lai and Wen-Tao Wang, ***«U.S. withdrawal from the Paris Agreement: Reasons, impacts, and China's response»***, Advances in Climate Change Research, Volume 8, Issue 4, December 2017, pp. 220-225.

ئۇچۇن پايدىلىق بولۇپ قالىدۇ. شۇنداقلا بۇ خىتاي قاتارلىق مۇستەبىتلەرنىڭ كۆپىيىشى، كۈچلىنىشىگە ۋە دۇنيادا كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنىڭ كېڭىيىشىگە يول ئاچىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا ئۆزىنىڭ دۇنيا لىدېرلىق ئورنىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئاجىزلاشتۇرىدۇ[1].

3. ئامېرىكىنىڭ ت پ پ (ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان سودا ۋە مەبلەغ سېلىش ھەمراھلىق مۇناسىۋەتتى كېلىشىمى) نى تاشلاپ چىقىپ كېتىشى- ئامېرىكىنىڭ بۇ كېلىشىمنى تاشلاپ كېتىشى ئامېرىكىنىڭ بۇ رايوندىكى تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە بۇ كېلىشىمگە ئەزا دۆلەتلەرنى خىتاينىڭ قوينىغا ئىتتىرىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىنىڭ بۇ رايوندىكى تەسىرى زەئىپلىشىشكە باشلىدى[2].

4. ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ بولاردىن باشقا يەنە دۇنيا سودا تەشكىلاتى ۋە شىمالى ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىدىن چېكىنىپ چىقىش خەۋپىمۇ بار. ئەگەر ئامېرىكا بۇ تەشكىلاتلاردىن راستىنلا چېكىنىپ چىقىپ كەتسە، ئىقتىسادى يۈكسىلىۋاتقان خىتاي بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئامېرىكىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، دۇنيانىڭ سودا سىستېمىسىنى ۋە رايون بىخەتەرلىك ۋەزىپىسىنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا تىرىشىشى مۇمكىن.

ئامېرىكىنىڭ بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بېكىنمىچىلىك سىياسىتى نەتىجىسىدە، خىتاي ئامېرىكا قالدۇرغان بۇ بوشلۇقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى توشقۇزۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق باشقا دۆلەتلەرگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ دۇنيانىڭ لىدېرلىق ئورنىغا ئۆتۈشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. بۇلار شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا زىيانلىق بىر ۋەزىيەت شەكىللەندۈرىدۇ. چۈنكى خىتاي ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى تەسىر دائىرىسىنى ئامېرىكىنىڭ بۇ مەۋجۇت

(1) Gardiner Harris, «***Trump Administration Withdraws U.S. From U.N. Human Rights Council***», *New York Times*, June 19, 2018, https://www.nytimes.com/2018/06/19/us/politics/trump-israel-palestinians-human-rights.html

(2) Carrie Gracie, «***US leaving TPP: A great news day for China***», *BBC News*, 22 November 2016, https://www.bbc.com/news/world-asia-china-38060980

سىستېمىدىكى تاشلاپ قويغان بوشلۇقلارنى تولدۇرۇش ئارقىلىق كېڭەيتىۋاتىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق باشقا دۆلەتلەرگە تەسىر قىلىشقا ۋە ئۆزى بىلەن ھەمكارلىق تۈزۈشكە مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ[1]. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا قانداق ۋە قانچىلىك دەرىجىدە زىيانلىق بولىدىغىنىنى ھازىر ئالدىن مۆلچەرلىمەك تەس.

### 5. 16+1 پىلان - لايىھەسى

خىتاي بىلەن ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى 16 دۆلەتنىڭ ھەمكارلىقىنىڭ كۈچىيىشى ۋە خىتاينىڭ بۇ رايونلاردا كۆپلەپ مەبلەغ سېلىشى شۇنداقلا بۇ دۆلەتلەردىكى سىياسىي تەسىرىنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇنۇشى، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ تەشكىلى ئاساسى جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە ھەم ئىقتىسادىي جەھەتتە بىرلىكتە بىر ئاۋاز، بىر قەدەم ھەم بىر گەۋدە بولۇپ ھەرىكەت قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ.

16+1 پىلان ـ لايىھەسىنىڭ كۈچىيىپ بېرىشى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ خىتايغا قارشى ئورتاق بىر قارار چىقىرىشىغا توسالغۇ پەيدا قىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن: 2017 ـ يىللىق خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدا ياۋروپا بىرلىكى تولۇق ئاۋاز بىردەكلىكىگە كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئورتاق بىر باياانات ئېلان قىلالمىدى.

### تەكلىپ ۋە تەۋسىيە:

ئا) خىتاينىڭ پارىژ كېلىشىمىنى قوللىماقچى بولغانلىقىدىن پايدىلىنىش لازىم. ئەگەر خىتاي بۇ كېلىشىمنامىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتوم سىناقلىرى تۈپەيلى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى تىزىملاش ۋە بۇ سەۋەبتىن يۈز بەرگەن مۇھىت بۇلغىنىشى قاتارلىق بارلىق پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرنى ئىسپاتى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ خىتايىنى خەلقئارادا جاۋابكارلىققا تارتىش كېرەك.

(1) Andrew Witthoeft, ***«What Is China›s Objective With the 2018 16+1 Summit?»***, *The Diplomant*, June 08, 2018, https://thediplomat.com/2018/06/what-is-chinas-objective-with-the-2018-161-summit/

ب) ئامېرىكىنىڭ بېكىنمىچىلىك سىياسىتىنىڭ خىتايغا سەھنە يارىتىپ بېرىشى نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئېتنىك قىرغىنچىلىقنىڭ قۇربانى بولۇۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خىتاينى ب د ت، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى ۋە باشقا خەلقئارالىق سوتلاردا جاۋابكارلىققا تارتىش، بۇنىڭدىن باشقا دۇنيانىڭ ھەرقايسى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەركەزلىرىدە خىتاينىڭ ئېتنىك قىرغىنچىلىقنى ئەيىبلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈش لازىم.

س) ئامېرىكا سەھنىنى خىتايغا تارتقۇزۇپ قويسا خىتاي ھەمكارلاشىدىغان دۆلەتلەر كۆپىيىپ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزۈش ئېھتىماللىقى بولسىمۇ، ئەمما خىتاي ھەمكارلاشقان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىلا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە سوغۇق نەزەر بىلەن قارىشى ناتايىن. دۆلەتلەرنىڭ خىتايغا پۈتۈنلەي بېقىنىپ قالماسلىقىدا شەرقىي تۈركىستان ياخشى بىر كوزىر. شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى خىتايغا بېقىنىپ قېلىۋاتقان دۆلەت ئەلچىخانىلىرى ئارقىلىق شۇ دۆلەتلەر بىلەن مەخپىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تىرىشىشى كېرەك.

د) شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېتنىك قىرغىنچىلىقنى پىلانلىغان ۋە يۈرگۈزگەن يۇقىرى قاتلامدىكى خىتاي ئەمەلدارلىرىنى ئامېرىكا ۋە بۇ قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان دۆلەتلەرنى «ماگنىتسكىي قانۇنى» بويىچە جازالاشنى تەلەپ قىلىش كېرەك.

## 2. بۆلۈم: خىتاينىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى ۋە بۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى

### *1- باب: خىتاي ئىقتىسادى*

خىتاينىڭ ئىقتىسادى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بارامدۇ ياكى چۈكۈش مۇمكىنچىلىكىمۇ بارمۇ؟ ۋە ياكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ئۈزلۈكسىز بىر خىللىقنى ساقلاپ قېلىش مۇمكىنچىلىكى قانچىلىك؟ خىتاي ئىقتىسادىنىڭ يېقىن كەلگۈسىدىكى ۋەزىيىتى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى

مۇتەخەسسىسلەر يېقىندىن كۆزىتىپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر بولۇپ، خىتاي ئىقتىسادى ھەققىدە مۇتەخەسسىسلەر ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك مۇلاھىزىلەرگە ئورۇن بەرگەن:

1. خىتاي ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى 2012 ـ يىلدىن كېيىن ئاستىلاشقا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، بەزى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە كېيىنكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە خىتاي ئىقتىسادىي ئېشىشنى يەنىلا 6.5 ـ 7% ئەتراپىدا كونترول قىلالىشى مۇمكىن[1]. يەنە بەزى ئانالىزچىلار بولسا كېيىنكى 20 يىل ئىچىدە خىتاي ئىقتىسادىدا چوڭ بىر كرىزىس چىقمايدىغانلىقىغا، خىتاي ئىقتىسادىدىكى ئېشىش تۆۋەنلەپ 4.5% كە چۈشۈپ قالسىمۇ يەنە ئامېرىكىنى ئېشىپ دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئىقتىسادىي كۈچكە ئايلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ[2].

2. يېقىندا پېترسون ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان بىر دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، خىتايدا دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى 500 كۈچلۈك كارخانا تىزىملىكىگە كىرگەن شىركەتلەرنىڭ سانى بارغانسېرى ئېشىپ بارماقتا ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە خىتاي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئاساسى سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى شى جىنپىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن بۇيان دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى شىركەتلەرنى كۈچەيتىشكە ئالاھىدە كۈچىگەن. ئەمما شەخسى ئىگىدارچىلىقىدىكى شىركەتلەرنىڭ بازاردىكى ئەھۋالى بارغانسېرى ناچارلىشىپ، بازاردا ئىگىلىگەن پاي نىسبىتى ئازىيىۋاتماقتا.

3. خىتاي گەرچە ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلغان، كىشىلەرنىڭ كىرىمى يۇقىرىلاۋاتقان بولسىمۇ، بۇنىڭ بەدىلى سۈپىتىدە ساغلام بولمىغان بىر ئىقتىسادىي ئىلگىرىلەش يولىدىن چىقالمىغان. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي دارامەت تەقسىماتىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقىمۇ ناھايىتى ئېغىر. خىتاي كىشى

(1) Honson To and Vaughn Barber, ***«China Outlook 2018; A new era, a new paradigm of globalization»***, *Report by KPMG Glocal China Practice*, 2018, https://assets.kpmg.com/content/dam/kpmg/cn/pdf/en/2018/03/china-outlook-2018.pdf

(2) Jong-Wha Lee, ***«China's economic growth and convergence»***, The World Economy, Volume 40, Issue11, 2017, pp.2455-2474.

بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي دارامەت سوممىسى جەھەتتە 2008 - يىلى دۇنيا رەت تەرتىپىدە 111 - ئورۇندا تۇرغان بولسا، 2017 - يىلىغا كەلگەندە دۇنيا رەت تەرتىپىدە 70 - ئورۇنغا ئۆتكەن. يەنى دۇنيانىڭ بىرىنچى چوڭ تىجارەت كۈچى، ئىككىنچى چوڭ ئىقتىسادىي كۈچى بولغان خىتاي، پۇقرالىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي دارامەت تەقسىماتى جەھەتتە دۇنيادا ئاران 70 - ئورۇندا. بۇنىڭدىن خىتايدىكى باي - نامراتلىق پەرقىنىڭ قانچىلىق چوڭلۇقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. 2017 - يىل ئاخىرىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قەرزى 29.95 ترىلىيون يۈەن بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ قەرزى 13.48 ترىلىيون يۈەن، رايونلۇق ھۆكۈمەتلەرنىڭ قەرزى 16.47 ترىلىيون يۈەن بولغان. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 2017 - يىللىق ئومۇمىي قەرزى دۆلەتنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىللىي دارامىتىنىڭ 36.2% نى ئىگىلىگەن .

4. بۇ مەسىلىلەر ئاساسلىقى قەرز كىرىزىسى، ئۆي-مۈلۈك ساھەسىدىكى كۆپۈك ئېشىش ۋە پۇل-مۇئامىلە ساھەسىدىكى مۇقىمسىزلىق قاتارلىق ئامىللار بولۇپ، بۇلار يوشۇرۇن كىرىزىس سۈپىتىدە ھەل قىلىنماي ساقلىنىپ كەلمەكتە.

5. خىتاي ئىقتىسادىدىكى دۆلەت ۋە شەخسىي شىركەتلەر قەرزى (بانكا قاتارلىق پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىن باشقا ساھەلەردىكى) 2011 -يىلى گ د پ نىڭ 1.7 ھەسسىسىگە تەڭ بولسا، 2016 -يىلىغا كەلگەندە گ د پ نىڭ 2.4 ھەسسىسىگە يېقىنلاشقان. قەرزلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى شەخسىي شىركەتلەرنىڭ قەرزى تەشكىل قىلىدۇ. ۋە بۇ توپلام قەرزنىڭ ئېشىش سۈرئىتى گ د پ نىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن تېز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەت بانكىلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن كاپالەت سوممىسى، ئۆسۈم قاتارلىقلارنى تۆۋەنلىتىپ قەرز بېرىش مىقدارىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئېشىشنى ساقلاۋاتىدۇ. نەتىجىدە تارقىتىلغان قەرزلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۈنۈمسىز بولماقتا. مۇتەخەسسىسلەر بۇ خىل تېز سۈرئەتتە ئېشىش بانكا ياكى قەرز كىرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ قارايدۇ[1].

(1) Sally Chen and Joong Shik Kang, *«**Credit Booms-Is China Different?**»*, *IMF Working Paper*

6. خىتاينىڭ پۇل- مۇئامىلە بازىرى، بولۇپمۇ پايچېك بازىرى ساغلام بولمىغان تۈزۈم، مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ تەجرىبىسىزلىكى، ئىشەنچنىڭ تۆۋەنلىكى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى نۇرغۇن مەسىلىلەر مەۋجۇت ھالدا، قانۇنىيەتسىز شەكىلدە داۋالغۇپ كەلدى. پايچېك بازىرى نۇرغۇن مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ كېيىنكى مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىقتىسادنى جانلاندۇرىدۇ. ئەگەر پايچېك بازىرى ساغلام تەرەققىي قىلمىسا كېيىن ئىقتىسادقا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئەمما خىتايدا پايچېك بازىرى خىتاي ئىقتىسادىنىڭ 5% نىلا تەشكىل قىلىدۇ. بۇ سەۋەب تۈپەيلى ھازىرچە پايچېك بازىرىدىكى داۋالغۇش خىتاي ئىقتىسادىغا چوڭ ئەكس تەسىر كۆرسەتكىنى يوق. لېكىن بۇ خىل ھالەت داۋاملىشىۋەرسە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى چەكلەپ قويىدىغان ئامىلغا ئايلىنىدۇ.

7. خىتاي ھۆكۈمىتى ئاساسلىق پۇل-مۇئامىلە ئورگانلىرى، خىتاي ئىقتىسادىنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتقان ئاساسلىق چوڭ كارخانىلار، ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرى قاتارلىقلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ كونترول قىلىۋاتقان بولغاچقا، شۇنداقلا يېقىنقى يىللاردا يۇقىرى تېخنىكا ياردىمى بىلەن باشقۇرۇش ۋە نازارەتنى كۈچەيتىۋاتقاچقا، بۇ ساھەلەردە ھۆكۈمەت تېخىمۇ تېز، ئۈنۈملۈك قارار چىقىرىش ۋە تەدبىر بەلگىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن چوڭ دۆلەتلەرنىڭ خىتاي بىلەن زور مىقداردا سودا مۇناسىۋىتى بار. خىتاينىڭ ئىقتىسادىنىڭ چېكىنىشى باشقا دۆلەتلەرگىمۇ زىيان بەرگەچكە، نۇرغۇن دۆلەتلەر خىتاي ئىقتىسادىدىكى تۇيۇقسىز ۋەيرانچىلىقنى خالاپ كېتىشى ناتايىن.

يېقىندا يۈز بەرگەن ئامېرىكا خىتاي سودا ئۇرۇشىنى مىسالغا ئالساق، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سودا قىممىتى 636 مىليارد دوللار بولۇپ، ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ خىتايدىكى سەرمايىسى 2017 -يىلى 482 مىليارد دوللارغا يېتىدۇ. خىتاي ئامېرىكىنىڭ ئەڭ چوڭ سودا شېرىكى. خىتاي ئىقتىسادىنىڭ چېكىنىشى ئامېرىكا ئىقتىسادىغىمۇ ئېغىر زىيان يەتكۈزىدۇ. ئامېرىكا خىتاينى كەلگۈسىدە ئامېرىكا ئىقتىسادى ئۈچۈن ئېچىشقا تېگىشلىك چوڭ بازار، خىتاينىڭ

(International Monetary Fund, WP/18/2), January 2018, file:///C:/Users/Erkin/Downloads/wp1802.pdf

ئىقتىسادىي گۈللىنىشى ئامېرىكىنىڭ خىتاي بازىرىنى ئېچىشىغا پايدىلىق دەپ قارايدىغانلارمۇ بار[1]. بەزى مۇتەخەسسىسلەر ئىقتىسادىي ئۇرۇشتا مۇتلەق ئۇتقان تەرەپ بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. جۈملىدىن ئامېرىكا - خىتاي سودا ئۇرۇشىدا ئەھۋال مۇشۇ خىلدا داۋاملىشىۋەرسە دۇنيا ئىقتىسادىغىمۇ چوڭ زىيان ئېلىپ كېلىدۇ[2]. نەتىجىدە دۆلەتلەر ئۆز ئىقتىسادى مەسىلىلىرى بىلەن كاشىلا بولۇپ دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. بۇ شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ۋە تەشكىلاتلارنىڭ لوببىچىلىق پائالىيەتلىرىگە زىيانلىق.

ئەمما ئامېرىكا يەنىلا دۇنيادىكى تېخنىكا ساھەسىدىكى لىدىرلىك ئورنىنى ساقلاپ قېلىشنى، دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە كەلگۈسى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئامېرىكا خىتاينى ئەقلى مۈلۈككە ھۆرمەت قىلماسلىق، جاسۇسلۇق، ئادىل بولمىغان سودا مۇناسىۋىتى ۋە پېرېۋوت نىسبىتىنى كونترول قىلىش ھەرىكىتى تۈپەيلى ئەيىبلەپ كەلمەكتە.

ئامېرىكا خىتاينىڭ جەنۇبى دېڭىزدىكى ئىگىلىك ھوقۇقى مەسىلىسى ۋە تەيۋەن مەسىلىسىدە تۇتقان پوزىتسىيەسىگە قاتتىق ئىنكاس بىلدۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ.

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، خىتاي ئىقتىسادى كەلگۈسى 10-20 يىلغىچە ۋەيرانچىلىققا يۈزلىنىش ياكى يۈزلەنمەسلىك ھەققىدە پەرقلىق كۆز قاراشلار بار. خىتاي ئىقتىسادىنىڭ داۋاملىق ئېشىش يوشۇرۇن كۈچى بار، ئەمما ھۆكۈمەت ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت. بۇ مەسىلىلەر ئېغىرلىشىپ خىتاي ئىقتىسادىنى ۋەيران قىلىش قىلماسلىقى ھەققىدە، مەسىلىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىنى ئويلىشىش كېرەك. ئەگەر خىتاي ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان

(1) Wayne M. Morrision, ***«China- U.S. Trade Issue»***, Congressional Research Service, July 30, 2018, https://fas.org/sgp/crs/row/RL33536.pdf

(2) David Dollar Monday, ***«The Future of The U.S.-China Trade War»***, *Brookings Institution*, July 9, 2018 https://www.brookings.edu/blog/order-from-chaos/2018/07/09/the-future-of-the-u-s-china-trade-war/

ئەھۋال ئاستىدا، بىر تەرەپتىن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك دۆلەتلەرنىڭ دىققىتى ئىقتىسادىي كىرىزىسقا يۆتكىلىپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى تاشلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن خىتاينىڭ باشقا دۆلەتلەرنى ئىقتىساد ئارقىلىق كونترول قىلىشى ئاجىزلىشىشى بۇنىڭلىق بىلەن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلگۈچى دۆلەتلەر كۆپىيىشىمۇ مۇمكىن. خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىق خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدا نۇرغۇن قالايمىقانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى، ھەتتا كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى لىڭشىتىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن.

## *2 - باب: خىتاي ئىچىدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر*

خىتاينىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىدە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقانلىقى ۋە ياكى يېقىن كەلگۈسىدە قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇش مۇمكىنچىلىكى، بۇ خىل ۋەزىيەتتىن شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ قانداق پايدىلىنىشى لازىملىقى مۇلاھىزە قىلىشقا ئەرزىيدىغان تېمىلارنىڭ بىرى. خىتاي ئىچىدە خىتاي پۇقرالىرى گەرچە كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە مەسىلىسىگە بەك ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىسىمۇ، ئەمما غەربنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىنى ئىشلەتكەن خىتاي پۇقرالىرى غەربتىكى سىياسىي ھاياتتىن خەۋەر تېپىۋاتىدۇ. شۇنداقلا نۇرغۇن خىتاي پۇقرالىرى خىتاي ئىچىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى تۆۋەنتىن قاتارلىق تاراتقۇلار ۋاستىسى بىلەن غەرب دۇنياسىغا ئاشكارىلاشقا، ھەربىر ۋەقەنىڭ ئاخىرىنى ئىز قوغلاپ چەتئەللەردىكى پائالىيەتچى خىتايلارغا خەۋەر يەتكۈزۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ.

خىتاي ئىچىدىكى ئىجتىمائىي مۇقىمسىزلىق تۆۋەندىكى جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ:

1. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چىرىكلىكى، ھۆكۈمەتكە قارشى پىكىرلەرنى باستۇرۇشتىكى رەھىمسىزلىكى ۋە خىتاي ئىقتىسادىدىكى كىرىم تەڭپۇڭسىزلىقى، ساغلام بولمىغان بازار ئەھۋالى، مۇھىت بۇلغىنىش، يېمەك-ئىچمەك بىخەتەرلىكى ۋە ئىشسىزلىق مەسىلىلىرى.

2. خىتاي ھۆكۈمىتىدە، خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىدىن باشقا مۇستەقىل قانۇن سىستېمىسىنىڭ بولماسلىقى ۋە قانۇن سىستېمىسىنىڭ پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىنى ئادىل قوغدىيالماسلىقى ۋە بۇلارنى نارازەت قىلىدىغان تەپتىش ئورگىنىنىڭ بولماسلىقى نەتىجىسىدە خىتاي خەلقىنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان نارازىلىقى ئېشىپ بارماقتا.

تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، خىتايدا 2013 ـ 2016 يىللىرى ئارىسىدا 74452 قېتىملىق نامايىش، قارشىلىق كۆرسىتىش شەكلىدىكى ۋەقەلەر يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇلار يەر- مۈلۈك، مائارىپ، كۆچمەن ئىشچىلار، خىتاي ساقچىلىرىنىڭ زوراۋانلىقى قاتارلىق ساھەلەردىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە چېتىلىدۇ. بۇ ۋەقەلەر ئاساسلىقى خىتاينىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭ ۋە دېڭىز بويى شەھەرلىرىدە يۈز بەرگەن بولۇپ، قاتناشقان ئادەم سانى 1000 دىن ئاشىدىغان چوڭ تىپتىكى نامايىش ـ ۋەقەلەر 2000 قېتىمدىن ئاشىدۇ [(1)]. بولۇپمۇ ئۆي مۈلۈك بازىرىدىكى كۆپۈك ئېشىش تۈپەيلى بۇ ساھەگە چېتىلغان ۋەقەلەر بارغانسېرى جىددىي كۆپەيمەكتە.

## تەكلىپ ۋە تەۋسىيە:

ئا) خىتاينىڭ ئىستاتىستىكا مەلۇماتلىرىدىن خىتاي ئۆلكىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئېشىشى بەزىدە شەرقىي تۈركىستاندىن تۆۋەن بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ كىرىمى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە ئاشقانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. يەنى، خىتاي يالغان مەلۇماتلار ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىقتىساد ۋە مائارىپ جەھەتتىكى ئارقىدا قالدۇرۇش سىياسىتىنى يوشۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇلارغا قارشى خىتاينىڭ قوش تىللىق مائارىپ (ئەمەلىيەتتە خىتايچىلاشتۇرۇش) سىياسىتى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى توپلاپ، ب د ت نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قايسى خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا ئەرز سۇنۇش.

ب) خىتاي دۆلەت ئىچىدە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ۋە

(1) Christian Göbel, «***Social Unrest in China: A bird's eye perspective***», *Working Paper*, November 2017, p.2.

مۇستەبىتلىكنى بارغانسېرى ئاشۇرۇۋاتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا خىتاي خەلقىنىڭ قارشىلىق كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ خىتاي خەلقىنى بىزگە نىسبەتەن ئادىل بولۇشقا، خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى پائالىيەتلەردە بەزى جەھەتتە ھەمكارلىشىشقا چاقىرىش كېرەك. كونكرېت ئېيتقاندا، خىتاينى ياخشى بىلىدىغان كىشىلەردىن تەركىب تاپقان بىر پىدائىيلار تەشۋىقات گۇرۇپپىسى قۇرۇش ھەر قايسى تەشكىلاتلار بۇ گۇرۇپپىنىڭ پىكىر ۋە ھەرىكەت يۆنىلىشىنى توغرا شەكىلدە كۆرسىتىپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

### 3 - باب: خىتايدىكى ئىچكى خەۋپسىزلىك مەسىلىسى

دۆلەت ئىچى مۇقىملىق مەسىلىسى ھەرقانداق دۆلەت ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. خىتايدەك نوپۇسى كۆپ، كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. 20- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدىن 2010- يىلىغىچە ئىقتىسادىي تەرەققىيات مەسىلىسى خىتاينىڭ ئەڭ مۇھىم مەسىلىسى ئىدى. بۇ مەزگىلدە خىتاي ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن ئىچكى بىخەتەرلىك ئارىسىدا بىر تەڭپۇڭلۇق ساقلاشقا تىرىشتى. پەقەت شى جىنپىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ئىچكى خەۋپسىزلىك مەسىلىسى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش، خىتاينىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسىگە ئايلاندى[1]. خىتايدا سۆز ئەركىنلىكى، كىشىلىك ھوقۇق، دىنىي ئەركىنلىك قاتارلىقلارنىڭ قاتتىق باستۇرۇلۇشقا ئۇچرىشى، خىتايدىكى ئىچكى مۇقىملىق ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ ناچارلاشتۇرۇۋەتتى. 2014 - يىلى شى جىنپىڭ خىتاينىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك يىغىنىدا سۆز قىلىپ «خىتاي ھازىر تارىخنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ ۋە قىيىن پەيتىنى باشتىن كەچۈرمەكتە.» دېدى[2]. خىتاي مەركىزى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ئىشتاب باشلىقى سۈن جيەنگو

(1) Tai Ming Cheung, ***«The Rise of the Chinese National Security State Under Xi Jinping»***, *Asia Dialogue*, December 15, 2016, http://theasiadialogue.com/2016/12/15/the-rise-of-the-chinese-national-security-state-under-xi-jinping/

(2) 卫 庶, <坚持总体国家安全观 走中国特色国家安全道路（新征程新篇章）>, 《人民日报海外版》, 2018年04月26日 第 03 版, http://paper.people.com.cn/rmrbhwb/html/2018-04/26/content_1850613.htm

«ھازىر خىتاي باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھۇجۇمى، ئاغدۇرمىچىلىقلىرى، بۆلگۈنچىلىك، ئىسلاھاتقا قارشى ھەرىكەتلىرى، خىتايچە سوتسىيالىزمغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش قاتارلىق مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان ۋە بولمايدىغان قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلمەكتە.» دېدى[1]. بۇنىڭدىن خىتاينىڭ دۆلەت ئىچى مۇقىملىقى ۋە خىتاي كومپارتىيەسى ھاكىمىيىتىنىڭ يىقىلىپ كېتىشىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

خىتاينىڭ 2017 - يىللىق دۆلەت ئىچى بىخەتەرلىك خامچوتى 196 مىليارد




دوللار بولۇپ[2]، بۇ رەقەم دۆلەت مۇداپىئە خامچوتىدىن 18.6% يۇقىرى. ئەگەر بۇنى كىشى بېشى ئوتتۇرىچە بىخەتەرلىك خامچوتى بىلەن ھېسابلىساق خىتاينىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە يىللىق خامچوتى 763 يۈەن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە يىللىق بىخەتەرلىك خامچوتى 2417 يۈەن، تىبەتنىڭ

(1) 孙建国, <坚定不移走中国特色国家安全道路>, 《国际问题研究》2015 年第2 期, 页1-11
(2) Josh Chin, ***«China Spends More on Domestic Security as Xi's Powers Grow»***, *The Wall Street Journal*, March 6, 2018 7:22 p.m. ET, https://www.wsj.com/articles/china-spends-more-on-domestic-security-as-xis-powers-grow-1520358522

3137 يۈەن بولۇپ خىتاينىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن كۆپ يۇقىرى. ھەتتا بۇ رەقەم رۇسىيە ۋە ئامېرىكىنىڭكىدىنمۇ يۇقىرى[1].

يېقىندا خىتاينىڭ ھەرقايسى ئۆلكە ۋە شەھەرلىرىنىڭ زور مىقداردا تېلېفون تەكشۈرۈش ئاپپاراتى قاتارلىق يۇقىرى تېخنىكىلىق نازارەت ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋالغانلىق خەۋىرى چىقتى[2]. دېمەككى، خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان كۆزىتىش ۋە كونترول قىلىش سىياسىتىنى خىتاينىڭ ھەممە يېرىگە تەتبىقلاشقا باشلىدى. بۇ خىتاينىڭ ئىچكى مۇقىملىق سىياسىتىنىڭ كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. خىتاينىڭ يۈز تونۇش سىستېمىسى، كۆزىتىش ئاپپاراتى، تەكشۈرۈش پونكىتى قاتارلىقلارنى دۆلەت ئىچىدە كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇشى بىلەن دۆلەت ئىچى بىخەتەرلىك خامچوتى تېز سۈرئەتتە ئېشىشى مۇمكىن.

خىتايدىكى ئاممىۋى ۋەقەلەر 1993 - يىلىدا 8700 قېتىمدىن كۆپرەك يۈز بەرگەن بولسا، 2010 - يىلىغا كەلگەندە 90 مىڭ قېتىمغا كۆپەيگەن[3]. ئەسلىدىنلا خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، شياڭگاڭ ۋە تەيۋەن مەسىلىسىدىن باشقا، يېقىندا خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىگە قارشى «شاڭخەي مىللەت پارتىيەسى» نىڭ قۇرۇلۇشىمۇ[4] ھاكىمىيەت بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ تېخىمۇ كەسكىنلىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

خىتاي ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىنتېرنېت ۋە باشقا تېخنىكىلارنىڭ تېز سۈرئەتتە

(1) Adrian Zenz, ***«China's Domestic Security Spending: An Analysis of Available Data»***, *The Jamestown Foundation*, Publication: China Brief Volume: 18 Issue: 4, March 12, 2018 06:00 Am, https://jamestown.org/program/chinas-domestic-security-spending-analysis-available-data/

(2) 吴亦桐， 刘少凤， 〈外媒取得采购文件 证监控新疆科技正扩展全国〉, 《自由亚洲电台》， 2018年08月15日, https://www.rfa.org/cantonese/news/monitor08152018083957.html?searchterm%3Autf8%3Austring=+%E6%96%B0%E7%96%86&encoding=simplified

(3) Lily Kuo, ***«China is spending more on policing its own people than on its defense budget»***, *Quartz*, March 5, 2013, https://qz.com/59367/china-is-spending-more-on-policing-its-own-people-than-on-its-defense-budget/

(4) 方明, <海外成立上海民族党 宣布与中共为敌>, 《大纪元》, 2018年08月13日 4:00 PM, http://www.epochtimes.com/gb/18/8/13/n10634244.htm

تەرەققىي قىلىشى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى ئۈچۈن زور تەھدىت بولماقتا. ئىنتېرنېت ئارقىلىق غەربنىڭ دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق، مۇستەقىل قانۇن سىستېمىسى قاتارلىق ئىدىيەلىرىنى قوبۇل قىلىپ، مەۋجۇت خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ قانۇنلۇق ياكى ئەمەسلىكىنى، ئادىل ياكى ئەمەسلىكىنى تارتىشىش، ھاكىمىيەتكە قارشى چىقىش، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ئېغىر تەھدىت تەشكىل قىلماقتا. شۇڭا خىتاي ھۆكۈمىتى تور بىخەتەرلىكىنىڭ سىياسىي مۇقىملىق، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، ھەربىي ئۈستۈنلۈك، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ كەلمەكتە. خىتايدىكى ئىشسىزلىقنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، ئىقتىسادىي تۇرغۇنلۇق، خىتاي جەمئىيىتىنىڭ قاتتىق نارازەت قىلىنىشى، دىنىي ۋە ئېتنىك باستۇرۇشلار خەلقنىڭ خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىگە بولغان نارازىلىقىنى كۈندىن-كۈنگە كۈچەيتمەكتە. يەنى، يۇقىرىقى دۆلەت ئىچىدىكى مەسىلە ۋە نارازىلىقلار خىتاينىڭ ئىچكى بىخەتەرلىك مەسىلىسىنى بارغانسېرى كەسكىنلەشتۈرمەكتە.

## تەكلىپ ۋە تەۋسىيە

ئا) خىتاينىڭ بۇ ئىچكى مۇقىملىق مەسىلىلىرى خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيەت ئۇلىنى تەۋرىتىپ قويۇشى، ھەتتا خىتايدا ھاكىمىيەت ئالمىشىشىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بۇنداق بولسا بىزنىڭ بۇنىڭغا قارىتا تەييارلىق پىلانىمىز بولۇشى ۋە بۇ پىلانىنى ھەر ۋاقىت ۋەزىيەتكە ماسلاشتۇرۇپ يېڭىلاپ تۇرۇشىمىز لازىم.

ب) خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ زوراۋان، قانۇنسىز، يولسىز ھاكىمىيىتىنىڭ خىتاي خەلقىگىمۇ زۇلۇم سېلىۋاتقانلىقىنى پاش قىلىپ، خىتاي خەلقىنى خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىگە قارشى چىقىشقا چاقىرىق قىلىش لازىم.

## ***4 - باب :خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياستى***

1884 -يىلى خىتاي شەرقىي تۈركىستاننى ئۆزىنىڭ ئىدارى رايونىغا

ئايلاندۇرۇۋالغان بولسىمۇ، شەرقىي تۈركىستان خەلقى مۇستەقىللىق كۈرىشىنى داۋام قىلدى. 1933 ۋە 1944 - يىللىرىدا ئىككى قېتىم جۇمھۇرىيەت قۇرغان ئىدى. ئەپسۇسكى، 1949 - يىلى خىتاي كومپارتىيەسى تەرىپىدىن قايتىدىن ئىشغال قىلىنىۋېلىندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىق داۋاسىنى ۋەتەن ئىچى - سىرتىدا داۋام قىلىشقا باشلىدى.

1955 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قىلىپ بېكىتكەندىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىدىغانلىقىنى دېگەن بولسىمۇ، تاكى 1984 - يىلىغىچە ئاپتونومىيە قانۇنىنى ماقۇللىمىدى. 1984 - يىلى تۇنجى قېتىم ئاپتونومىيە قانۇنى ماقۇللانغان بولسىمۇ[1]، كېيىنكى يىللاردا بۇ قانۇنغا تۆت قېتىم ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ كەلدى. خىتاينىڭ ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى ھەق - ھوقۇقلىرىدىن ھېچقاچان بەھرىمەن بولالمىغان ئۇيغۇرلار ھەر ۋاقىت سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەردە چەتكە قېقىلىپ كەمسىتىلىپ ھەتتا ئاسسىمىلياتسىيەگە ئۇچراپ كەلدى.

### قانۇن سىياستى

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا يىللاردىن بېرى ئۇيغۇرلارنى سىياسىي مەركەزدىن يىراقلاشتۇرماقتا. خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى خەلق قۇرۇلتىيىدا شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرى ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ سانى ھەر قۇرۇلتايدا ئازىيىپ ماڭماقتا[2]. شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۆلەت مەمۇرلىرى ئىچىدە خىتاي 64%، ئۇيغۇرلار 20%، باشقا مىللەتلەر 16% نى ئىگىلەيدۇ[3].

(1) <中华人民共和国民族区域自治法>, 《中华人民共和国政府网》, 2005年07月29日 http://www.gov.cn/test/2005-07/29/content_18338.htm

(2) Erkin Ekrem, ***«Çin'in Uyur özerk Bölgesi Sorunu»***, Afyonkarahisar 1. Türk Tarihi Sempozyumu *Türklerde Devlet*, İstanbul, TC Orman ve Su İşleri Bakanlığı, 2018, s.352.

(3) ***«Simulated Autonomy: Uyghur Underrepresentation in Political Office»***, Uyghur Human Rights Project, Washington, DC, October 31, 2017, p.3.

| خ ك پ 19 - قۇرۇلتىيى | مەملىكەتلىك 12 - خەلق قۇرۇلتىيى | خ ك پ 18 - قۇرۇلتىيى | قۇرۇلتاي مىللىتى |
|---|---|---|---|
| 24 | 23 | 23 | خىتاي |
| 9 | 23 | 10 | ئۇيغۇر |
| 3 | 5 | 3 | قازاق |
| 2 | 2 | 2 | تۇڭگان |

يىللاردىن بېرى خىتاي تېررورىزم ۋە دىنى رادىكاللىقنى تۈگىتىشنى باھانە قىلىپ ئۇيغۇرلارنى خالىغانچە تۇتقۇن قىلماقتا. 2014 - يىلى باشلانغان «سىياسىي تەربىيەلەش لاگېرى» سىياسىتى نەتىجىسىدە ھازىرغا قەدەر بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ۋە قازاقلار بۇ لاگېرلارغا قامالماقتا[1]. ئەڭ يېڭى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدە كەچلىك لاگېر تەسىس قىلىنغان بولۇپ، كىشىلەر ھەر كۈن ئاخشام لاگېرغا بېرىپ مەجبۇرىي تەربىيەلەشكە قاتنىشىدىكەن. بۇلارنى قوشقاندا بۇ رەقەم 3.3 مىليونغا يەتكەن بولۇشى مۇمكىن[2]. ھازىر شەرقىي تۈركىستان ئۇستى ئوچۇق تۈرمىگە ۋە ساقچى دۆلىتىگە ئايلاندى[3]. بۇ «سىياسىي تەربىيەلەش لاگېرى» مەسىلىسى ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق جەمئىيەتلىرىنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىسىگە ئايلاندى.

(1) Adrina Zenz, ***«Thoroughly Reforming them Toward a Healthy Heart Attitude – China's Political Re-Education Campaign in Xinjiang»***, European School of Culture and Theology Korntal, Germany, May 15, 2018, p.16.

(2) ***«China: Massive Numbers of Uyghurs & Other Ethnic Minorities Forced into Re-education Programs»,*** *Chinese Human Rights Defenders*, August 3, 2018, https://www.nchrd.org/2018/08/china-massive-numbers-of-uyghurs-other-ethnic-minorities-forced-into-re-education-programs/

(3) Roseann Rife, ***«Wie Peking die Autonome Uigurische Region zum Polizeistaat gemacht hat»***, *Neue Zürcher Zeitung*, 15. Februar 2018 , 05:30 Uhr. https://www.nzz.ch/meinung/wie-peking-die-autonome-uigurische-region-zum-polizeistaat-gemacht-hat-ld.1350341; Lily Kuo, ***«China: one in five arrests take place in 'police state» Xinjiang»***, *The Guardian*, 25 July, 2018 05.34 BST, https://www.theguardian.com/world/2018/jul/25/china-one-in-five-arrests-take-place-in-police-state-xinjiang

## نوپۇس سىياستى

خىتاي مەنبەلىرىگە قارىغاندا 1949 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 4 مىليون 330 مىڭ ئەتراپىدا ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 3 مىليون 294 مىڭ، خىتاي نوپۇسى 290 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %75.59 ۋە %6.7 نى ئىگىلەيتتى[(1)]. 2009 - يىلىغا كەلگەندە شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي نوپۇسى شەرقىي تۈركىستان ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %39 نى ئىگەللىدى[(2)]. 2009 - يىلى 5 - ئىيۇل «ئۈرۈمچى قەتلىئامى»دىن كېيىن 2012- يىلىغا كەلگەندە، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي نوپۇسى %34 كە چۈشۈپ ئازىيىش بولغان بولسىمۇ، خىتاي ھۆكۈمىتى خىتاي كۆچمەنلىرىگە ئىش ۋە تىجارەتتە ھەرخىل ئالاھىدە ئىمتىيازلارنى بېرىش ئارقىلىق خىتاي كۆچمەنلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا يەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن تەشۋىق قىلماقتا[(3)]. خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننى خىتايلاشتۇرۇش مەقسىتىدە شەرقىي تۈركىستانغا خىتاي كۆچمەنلىرىنى يەرلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇر ياشلىرىنى خىتاي شەھەرلىرىدىكى زاۋۇتلاردا ئەرزان ئەمگەك كۈچى ئورنىدا ئىشلەتمەكتە[(4)]. يېقىنقى يىللاردا ئۇيغۇر قىزلىرىنى ئاتا- ئانىسى ۋە ئۇرۇق- تۇغقان قېرىنداشلىرىنى جازالاش بىلەن تەھدىت سېلىش ئارقىلىق خىتايلار بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلىماقتا[(5)]. خىتايلارنى ئۇيغۇر قىزلىرى بىلەن توي قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ھەرخىل سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئىمتىيازلارنى بەرمەكتە[(6)].

بۇ سىياسەتلەر شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشسىزلىق، تېرىلغۇ يەر ۋە سۇ

(1) Erkin Ekrem, «Çin'in Uyur özerk Bölgesi Sorunu» 2018: 358.
(2) 新疆维吾尔自治区统局, <新疆主要年份人口数及构成>, 2017年03月15日 18:51:00, http://www.xjtj.gov.cn/sjcx/tjnj_3415/2016xjtjnj/rkjy/201707/t20170714_539444.html
(3) 唐立久, <新疆吸纳并留住人力资本之关键>, 《新商联盟》, 2018年01月03 日 http://www.dianyue.me/archives/998/nbm4ylptdcu0169r/
(4) ***«Doğu Türkistan'daki İnsan Haklarına Dair Güncel Meseleler»*** Uygur Araştırma Enstitüsü roporu, http://www.uysi.org/ug/dogu_turkistandaki_insan_haklarina_dair_guncel_meseleler/
(5) 李新安, <疑为救集中营家属 维族女被迫与汉人通婚>, 《大纪元》 2018年5月31日, http://www.ep-ochtimes.com/gb/18/5/30/n10439036.htm
(6) Erkin Ekrem, «Çin'in Uyur özerk Bölgesi Sorunu» 2018: 361.

قاتارلىقلارنىڭ يېتىشمەسلىكى، ئۇيغۇر- خىتاي ئېتنىك توقۇنۇشى، ھەرخىل يولسىزلىق ۋە ئادالەتسىزلىك قاتارلىق مەسىلىلەرگە يول ئاچماقتا. شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىنى ئېغىر دەرىجىدە تەڭپۇڭسىزلاشتۇرۇپ، خىتاي كۆچمەنلىرىنى كۆپلەپ يەرلەشتۈرمەكتە ۋە بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننى خىتايلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلەشتۈرمەكتە.

### ئىقتىساد سىياستى

ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ رەسمىي رەقەملىرىگە ئاساسلانغاندا 2015 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ GDPسى 143 مىليارد دوللار بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان دارامەت 5900 دوللار[1]. ئەمما بۇ رەقەم ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇمىي كىرىمىنى ئومۇمىي نوپۇسقا بۆلۈپ چىقارغان رەقەم بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، ئالتۇن قاتارلىق تەبىئىي بايلىقلاردىن كەلگەن كىرىم ئومۇمىي كىرىمنىڭ 80% ىنى تەشكىل قىلىدۇ[2]. بۇ ساھەلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھۆكۈمەتنىڭ ياكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەتلەرنىڭ قولىدا بولغاچقا، يەرلىك خەلق بۇ بايلىقلاردىن قىلچىمۇ پايدىلىنالمايدۇ. 2017 - يىلى خىتايدىكى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى 2000 باي ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى بايلارنىڭ سانى ئاران 13 بولۇپ، بۇ 13 باينىڭ ئىچىدە بىرمۇ ئۇيغۇر يوق. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە خىتايدىكى نامرات ناھىيەلەرنىڭ ئەڭ كۆپى شەرقىي تۈركىستاندا[3].

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جەنۇبىغا قارىغاندا، خىتاي بىر قەدەر زىچ ئولتۇراقلاشقان شىمالىنىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمى كۆپ يۇقىرى. مەسىلەن ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 96% ى ئۇيغۇر بولغان خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمى تەخمىنەن 750

(1) 新疆维吾尔自治区统计局, <新疆建区以来主要年份国民经济主要指标>, http://www.xjtj.gov.cn/sjcx/tjnj_3415/2016xjtjnj/zh/201707/t20170714_539414.html

(2) Erkin Ekrem, «Çin’in Uyur özerk Bölgesi Sorunu» 2018:369.

(3) <新疆12人登2017胡润百富榜>, 《天山网》, 2017年10月13日, http://news.ts.cn/content/2017-10/13/content_12855953.htm

دوللار بولغان بولسا، ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 75%ى خىتاي بولغان قاراماي شەھىرىنىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمى تەخمىنەن 3800 دوللار بولۇپ، ئارىسىدا پەرقىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بەزى خىتاي ئانالىزچىلار بۇنى جەنۇبنىڭ تەبىئىي مۇھىتىنىڭ ناچار بولۇشىغا باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان بولسىمۇ[1]، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا مەبلەغ سالماسلىقى ۋە تىجارەتتە خىتاي كۆچمەنلەرگە ئىمتىياز بېرىشى، ئۇيغۇرلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بوغۇشى[2] بۇخىل تەڭپۇڭسىزلىقنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدۇر.

## دىن سىياسىتى

پۈتۈن دىنلارغا قارشى بولغان كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى تېررورىزم ۋە دىنىي رادىكاللىقنى باھانە قىلىپ ئۇيغۇرلارغا بولغان دىنىي باستۇرۇشنى كۈچەيتمەكتە. نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى ۋە يىغىلىشلارنى دىنىي رادىكاللىقنىڭ ئىپادىسى دەپ قاراپ قاتتىق تەقىب قىلماقتا. ھەتتا ساقال-بۇرۇت قويۇش، ياغلىق چىگىش، بالىلارغا ئىسلامىي ئىسىم قويۇش، ئائىلىدە قۇرئان ۋە جايناماز ساقلاش قاتارلىق ئەڭ نورمال دىنىي ئەركىنلىكىدىنمۇ مەھرۇم قىلىنماقتا[3].

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا «ئىسلامنى خىتايلاشتۇرۇش» (伊斯兰教中国化) سىياسىتىنى قاتتىق ۋاستىلەر بىلەن يولغا قويۇپ دىنىي پائالىيەتلەرنى خىتايچىلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا[4]. ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئەرەب مەدەنىيىتى دەپ قاراپ

(1) 唐立久, <新疆南北疆经济发展不平衡性研究>, 《新商联盟》, 2015年02月06 日. http://www.xjxsw.com.cn/News_details.php?id=WDwIPFVtBzA%3D&Newsbigtype=B4IEwQbEAcsGgAHKVoANtg%3D%3D&Newssmalltype=AIUBxFeVBswGgALJB9EAuw%3D%3D

(2) <新疆穆斯林商人存款逾百万均遭判刑>, 《对华援助协会》, 2018年7月11日. http://www.chinaaid.net/2018/07/blog-post_11.html

(3) «Doğu Türkistan'daki İnsan Haklarına Dair Güncel Meseleler», Uygur Araştırma Enititüsü, 15 May 2018, http://www.uysi.org/ug/dogu_turkistandaki_insan_haklarina_dair_guncel_meseleler/

(4) <中国机密文件曝光 强推伊斯兰教「中国化」>, 《自由亚洲电台》, 2018年6 月22 日, https://www.rfa.org/mandarin/yataibaodao/shehui/yl-06222018105345.html

ئەرەبلىكتىن يىراقلاشتۇرۇش (去阿拉伯化) نامىدا مۇسۇلمانلىقتىن ئۇزاقلاشتۇرماقتا[1]. بۇ پۈتۈنلەي ئىسلام دىنىنى بۇرمىلاش، ئۇيغۇرلارنى خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ بىر پارچىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا خىتاي ھۆكۈمىتىدە ئىسلامدىن قورقۇش پسىخكىسى (islamophobia) ۋە ئىسلامغا قارشى دۈشمەنلىكمۇ بار. ئامېرىكا دىنى ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ يىللىق دوكلاتىدىمۇ خىتاينىڭ ئۆز ئاساسىي قانۇنىغا ۋە خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك ئەھدىنامىسىغا زىت ھالدا دىنىي ئەركىنلىككە ئېغىر توسقۇنلۇق قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا[2].

### مائارىپ ۋە مەدەنىيەت سىياسىتى

خىتاي ئاساسى قانۇنىنىڭ 119 ـ ماددىسىدا ئاپتونوم رايونلار مەمۇرىي ۋە مائارىپ ئىشلىرىدا ئۆز ئانا تىلىنى قوللىنىش ھوقۇقى بار دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، خىتاي ھۆكۈمىتى يىللاردىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر تىلى مائارىپىنى چەتكە قېقىپ كەلدى. 2011 ـ يىلىدىن بۇيان رەسمىي يولغا قويۇلغان «قوش تىللىق مائارىپ» ماھىيەتتە ئۇيغۇر بالىلارنى خىتايچە ئۆگىنىشكە مەجبۇرلاش ئىدى[3]. 2017 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى يەسلىدىن باشلاپ پۈتۈن مەكتەپلەردە ئوقۇ- ئوقۇتۇش ۋە كۈندىلىك مەكتەپ ئىچى پائالىيەتلىرىدە پەقەتلا خىتايچە قوللىنىش، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى بولسا قاتتىق جازاغا تارتىش توغرىسىدا بىر ئۇقتۇرۇش چىقاردى[4]. 2014 ـ يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىغا قارايدىغان بولساق، بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى نۇرغۇن باشلىقلارنىڭ خىتاي ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. يەنى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر تىلىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا يوق

(1) 靳薇, <勿让两种极端化民族主义撕裂新疆>, 《金融时报》, 2017年7 月31日, http://www.ftchinese.com/story/001057527?archive

(2) ***«United States Commission on International Religious Freedom Annual Report 2018»***, United States Commission on International Religious Freedom, April 2018, p.32. http://www.uscirf.gov/sites/default/files/2018USCIRFAR.pdf

(3) Erkin Ekrem, ***«Çin'in Uyur özerk Bölgesi Sorunu»*** 2018:365.

(4) Eset Sulaiman, ***«China Bans Uyghur Language in Schools in Key Xinjiang Prefecture»***, *RFA*, July28, 2017, https://www.rfa.org/english/news/uyghur/language-07282017143037.html

قىلىشقا ئۇرۇنماقتا.

خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننى خىتايلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگىمۇ بۇزغۇنچىلىق قىلماقتا. ئۇيغۇرلارنىڭ توي- تۆكۈن، نەزىر - چىراغ مۇراسىملىرىنى خىتايچىلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، ئۇيغۇرلارنى خىتايچە توي قىلىش، مېيىتلەرنى خىتايچە دەپنە قىلىش، جىنازا ئىشلىرىدا خىتايچە تەزىيە بىلدۈرۈشكە مەجبۇرلىماقتا[5]. بۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر بالىلارنى خىتايچە ئۇسسۇل ئويناش، خىتاينىڭ ئەنئەنىۋى كىيىملىرىنى زورلاپ كىيدۈرۈش، خىتاي كلاسسىك ئەسەرلىرىنى يادقا ئېلىشقا مەجبۇرلاش ئارقىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ داۋاملىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلماقتا[6].

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى بولغان تىل- يېزىق ۋە مەدەنىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننى پۈتۈنلەي خىتايلاشتۇرۇش ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكىنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتا.

### مۇقىملىق سىياستى

خىتاي دۇنيادىكى بىردىنبىر دۆلەت ئىچى بىخەتەرلىك خامچوتى دۆلەت تاشقى مۇداپىئە خامچوتىدىن يۇقىرى بولغان دۆلەتتۇر. (2017- يىللىق دۆلەت ئىچى بىخەتەرلىك خامچوتى 196 مىليارد دوللار، دۆلەت تاشقى مۇداپىئە خامچوتى 175 مىليارد دوللار)[7]. بۇ خىتاي نوپۇسىنىڭ زىيادە كۆپ ئىكەنلىكى بىلەن بەلگىلىك ئالاقىدار بولسىمۇ، تېخىمۇ توغرىسى خىتاي ئىچىدىكى مۇقىملىق

(5) Shoret Hoshur, «قاراقاش چىنباغدا ھەربىر كەنتتە بىردىن جەسەت بىر تەرەپ قىلىش ئورنى قۇرۇلغان», ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى, 2018-06-25, https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/medeniyet-tarix/jeset-bir-terep-qilish-06252018164051.html?searchterm:utf8:ustring=%D8%AF%DB%95%D9%BE%D9%86%DB%95

(6) 刘豪, <新疆这个幼儿园小朋友学京剧, 为国庆节准备自己的礼物>, 《新疆晨报》 2017年9 月30 日 http://xjchenbao.cn/news_detail?aid=2433037&sc=xjdcb

(7) Josh Chin, ***«China Spends More on Domestic Security as Xi's Powers Grow»***, *The Wall Street Journal*, March 6, 2018 7:22 p.m. ET, https://www.wsj.com/articles/china-spends-more-on-domestic-security-as-xis-powers-grow-1520358522

مەسىلىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇل، شىياڭگاڭدىكى مەسىلىلەر ۋە خىتاي شەھەرلىرىدىكى ھەرخىل ئىسيان، نامايىشلار خىتاي ھۆكۈمىتىنى دۆلەت ئىچى بىخەتەرلىكى ئۈچۈن غايەت زور سوممىدا پۇل خەجلەشكە مەجبۇرلىماقتا.

خىتاي ھۆكۈمىتى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن 2017 - يىلى 9.18 مىليارد دوللار چىقىم قىلغان بولۇپ، بۇ رەقەم ئون يىل ئىچىدە ئون ھەسسىدىن ئارتۇق ئاشقان. ( 2007 - يىلى 0.87 مىليارد دوللار ئىدى)[1]. بۇ چىقىملار ئاساسلىقى شەرقىي تۈركىستانغا ئورنىتىلغان كۆزىتىش كامېرالىرى، يۈز تونۇش سىستېمىسى، شەھەرلەردە كۆپلەپ قۇرۇلغان تەكشۈرۈش پونكىتلىرى، كۆپلەپ قوبۇل قىلىنغان ياردەمچى ساقچىلارنىڭ تۇرالغۇ، مائاش ۋە يىللىق مۇكاپات، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا سېلىنغان جازا لاگېرلىرى، چارلاش ماشىنىلىرى ۋە بىرونېۋىكلار، ئىدارە - ئورگانلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مۇداپىئە چازا - توساقلىرى، يول، سودا - سارايى ۋە ئاممىۋى سورۇنلاردىكى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش ئىشىكلىرى قاتارلىقلارغا سەرپ قىلىنغان. خىتاي ھۆكۈمىتى مۇقىملىقنى ساقلاش ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنى باھانە قىلىپ شەرقىي تۈركىستاندا ھەر يەرگە كامېرا ئورنىتىپ[2] ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك ھاياتىنى قاتتىق كونترول قىلماقتا[3]. پەقەت شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۈرۈمچى شەھىرىگىلا ئەسلىدە مەۋجۇت بولغان كامېرالارغا قوشۇمچە قىلىپ ئورنىتىلغان 30مىڭ كامېرانىڭ تەننەرخى 79 مىليون دوللار بولغان[4] .

(1) Adrian Zenz, «***China's Domestic Security Spending: An Analysis of Available Data***», *The James Town Foundation*, March 12, 2018, https://jamestown.org/program/chinas-domestic-security-spending-analysis-available-data/

(2) ئەركىن , «خىتاي قاراقاش ناھىيەسىدىكى پۈتۈن مەسچىتلەرگە يۈز تونۇش ئاپپاراتى ئورناتقان» , ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ,  2018-07-17 , https://www.rfa.org/uyghur/qisqa_xewer/meschi-nazaret-07172018165653. html?searchterm:utf8:ustring=%D9%83%D8%A7%D9%85%DB%90%D8%B1%D8%A7

(3) James A. Millward, «What It's Like to Live in a Surveillance State», *The New York Times*, Feb 03, 2018, https://www.nytimes.com/2018/02/03/opinion/sunday/china-surveillance-state-uighurs.html

(4) ئىرادە, «ئۇيغۇر ئېلىدىكى نازارەت سىستېمىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىۋاتقان خىتاي شىركەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ غەربلىك مەبلەغ

دېمەك، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇ سېلىنمىلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەقىقىي مۇقىملىقى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ ئىنچىكە نازارەت ئاستىغا ئېلىش، كونترول قىلىش، باستۇرۇش ئۈچۈن خەجلەنگەن. 2017 - يىلىدىكى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى 12 ياش بىلەن 65 ياش ئارىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ DNA ئەۋرىشكىسىنى يىغقان. خىتاي گەرچە بۇنى «ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق تەكشۈرۈش» نامىدا ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ قارىشىچە، بۇ مەلۇماتلار رايوننىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، «خەتەرلىك ئۇنسۇرلار»نى كۆزىتىش ۋە تونۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىكەن[1]. خىتاينىڭ بۇ قىلمىشى ئۆزى قول قويغان خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىغىمۇ ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ[2]. 2017 - يىلى پۈتۈن خىتايدا قولغا ئېلىنغانلارنىڭ 21% ى شەرقىي تۈركىستاندا بولۇپ، بۇ سان يېقىنقى بەش يىل ئىچىدە 306% ئاشقان. قولغا ئېلىنغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلار ۋە قازاقلار بولۇپ، بۇ پۈتۈن خىتاينىڭ نوپۇسىغا سېلىشتۇرغاندا غايەت زور رەقەمنى تەشكىل قىلماقتا.[3]

بۇنىڭدىن سىرت خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا مۇقىملىقنى باھانە قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر شەھەردىن باشقا بىر شەھەرگە، ھەتتا يېزىدىن شەھەرگە كىرىشىنىمۇ قاتتىق كونترول قىلماقتا. ئائىلىلەردە ۋە رېستوران قاتارلىق ئاممىۋى سورۇنلاردا ئىشلىتىلىدىغان پىچاققىمۇ نومۇر بېكىتىپ،

سالغۇچىلىرى»، ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى، 2018-06-19، https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/mulahize/uyghur-elidi-ki-nazaret-sestimiliri-06192018233442.html

(1) ***«China: Minority Region Collects DNA from Millions»***, *Human Rights Watch*, December 13, 2017, https://www.hrw.org/news/2017/12/13/china-minority-region-collects-dna-millions

(2) ***«Annual Report Of The U.S. Commission On International Religious Freedom»***, U.S. Commission On International Religious Freedom, April 2017, p.34. http://www.uscirf.gov/sites/default/files/2017.USCIRFAnnualReport.pdf

(3) ***«Criminal Arrests in Xinjiang Account for 21% of China's Total in 2017»***, *CHina Human Rights Defendrs*, July 25, 2018, https://www.nchrd.org/2018/07/criminal-arrests-in-xinjiang-account-for-21-of-chinas-total-in-2017/

زەنجىر سېلىپ نورمال تۇرمۇشقا ئېغىر دەخلى قىلماقتا[1]. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان بۇ خىل ئېغىر تەقىب سىياسىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى قاتتىق قورقۇش، ئەنسىرەش ۋە كۈندىلىك ھاياتتا ھېچقانداق شەخسىي بىخەتەرلىكى بولماسلىق قاتارلىق پىسخىكىلىق بېسىملاردا قالدۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇرلارنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارىتىگىمۇ زور تەسىر كۆرسەتمەكتە. ئەسلىدىنلا ئىقتىسادىي مەركەزدىن ئۇزاقلاشتۇرۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ چەكلىك ئىقتىسادىي ئەھۋالىمۇ ناچارلاشماقتا. ھەتتا بۇ ئەھۋالدىن شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان خىتايلارمۇ شىكايەت قىلماقتا[2].

## تەكلىپ ۋە تەۋسىيە:

ئا) كىشىلىك ھوقۇق جەھەتتىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە زىيان سېلىۋاتقان يۇقىرى تېخنىكىلىق كۆزىتىش ۋە كونترول قىلىش ئاپپاراتلىرىنى تەمىنلەۋاتقان چەتئەل شىركەتلىرىنى مۇناسىۋەتلىك خەلقئارا سوتلارغا ئەرز قىلىش لازىم.

ب) خىتاينىڭ ئاپتونومىيە قانۇنىنى ھېچقاچان ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرمىگەنلىكى، ھەتتا شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلغانلىقىنى پاكىتلار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى تارتىش ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنى خىتاينى ئۆز قانۇنىنى تولۇق ۋە ئادىل ئىجرا قىلىشقا مەجبۇرلاش ئۈچۈن ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش كېرەك.

س) مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى بولغان ئانا تىلىمىزنى قوغداپ قېلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ۋەتەن سىرتىدا مۇستەقىل ئۇيغۇر تىل كومىتېتى قۇرۇپ، تىلىمىزنى قوغداش، ساپلاشتۇرۇش، قېزىش شۇنداقلا ئەڭ يېڭى ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خىزمەتلىرىنى ئىشلەش لازىم.

---

(1) <新疆加强维稳　刀具未系锁链多人被拘留>, 《自由亚洲电台》, 2017年10月08日, https://www.rfa.org/cantonese/news/xinjiang-detain-10082017093836.html

(2) Emily Feng, «Security clampdown bites in China's Xinjiang region», *The Financial Times*, November 14, 2017, https://www.ft.com/content/ee28e156-992e-11e7-a652-cde3f882dd7b

# 3. بۆلۈم: شەرقىي تۈركىستان ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى مەسىلىسى

## *1 - باب: شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى*

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، بىخەتەرلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان جىددىي يامانلىشىۋاتقان بولۇپ، ئەڭ ئەقەللىي ھوقۇقلىرىدىنمۇ مەھرۇم ھالەتتە ياشاۋاتقانلىقى مەلۇم. ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە[1] شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سۆز-ئىپادە ۋە ئالاقە ئەركىنلىكى، نورمال دىنىي پائالىيەتلىرى ئېغىر دەرىجىدە چەكلەنگەن بولۇپ، كۈندىلىك پائالىيەتلىرىنى ئىنتايىن كۈچلۈك بېسىم ۋە ئىنچىكە نازارەت ئىچىدە داۋام قىلىشقا مەجبۇر بولغان. بۇ ئەھۋال خەلقئارادىكى ھەر خىل ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ ۋە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتچىلارنىڭمۇ كۈچلۈك دىققىتىنى تارتقان بولۇپ، نوپۇزلۇق ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى توغرىلىق بەرگەن خەۋەرلىرىدە، شەرقىي تۈركىستاننى خىتاينىڭ غەربىدىكى «ساقچى دۆلىتى»[2]، ئۇ يەردىكى خەلقنى قورقۇنچ ۋە نەپرەت ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ دەپ تەسۋىرلىدى. [3]. ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان بېسىمنى «دەرىجىدىن تاشقىرى» دەپ سۈپەتلىدى[4]. بىر قىسىم ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدا خىتاينىڭ ھازىرقى ئەڭ يېڭى تېخنىكىلارنى جۈملىدىن سۈنئىي زېھىن ۋە چوڭ سانلىق مەلۇمات تېخنىكىلىرىنى

---

(1) ***«Current Human Rights Issues in the East Turkestan (Xinjiang Uyghur Autonomous Region of China)»***, Uyghur Research Institute, May 24, 2018, http://www.uysi.org/ug/updated-report-current-human-rights-issues-in-the-east-turkestan/

(2) ***«China has turned Xinjiang into a police state like no other»***, *The Economist*, May 31, 2018, https://www.economist.com/briefing/2018/05/31/china-has-turned-xinjiang-into-a-police-state-like-no-other

(3) ***«China Xinjiang police state:Fear and resentment»***, *BBC News*, February 01, 2018, https://www.bbc.com/news/av/world-asia-china-42911468/china-xinjiang-police-state-fear-and-resentment

(4) ***«Extraordinary Repression of Uighur Minority»***, *Editorials*, January 19, 2018, https://editorials.voa.gov/a/extraordinary-repression-of-uighur-minority/4215998.html


İzmir 1.Cad. 33/27 Kızılay – Çankaya | ANKARA – TÜRKİYE | Email: editor@uysi.org / info@uysi.org www.uysi.org

ئۇيغۇرلارنى كونترول قىلىش ۋە باستۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىشۋاتقانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى[1]. بىخەتەرلىك جەھەتتە رايوندىكى پۈتكۈل ئۇيغۇر نوپۇسى ھەر ۋاقىت قولغا ئېلىنىش، ئىز- دېرەكسىز غايىب بولۇش ۋە ئۆلتۈرۈلۈش تەھدىتى ئاستىدا بولۇپ، پۈل مۇئامىلە ۋاقىت گېزىتى مۇخبىرى ئەملىي فېڭنىڭ تۋىتتېردىكى ئۈچۈرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان قەشقەردە قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ 80%-70% ى ھەر خىل شەكىلدىكى تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىدا دەپ تەخمىن قىلىنغان. ئۈرۈمچى، قەشقەر ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلىرىدىكى ئاۋات شەھەر مەركەزلىرى ئاساسەن قۇرۇقدىلىپ قالغان[2]. «سىياسىي ئۆزگەرتىش ئورنى» نامىدىكى جازالاش لاگېرىدىكىلەرنىڭ سانى تەخمىنەن ئاز دېگەندىمۇ 800 مىڭدىن بىر مىليونغىچە بولۇپ، بۇ سان يەرلىك ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ 10%ى ئەتراپىدا دەپ پەرەز قىلىنماقتا[3]. ئەڭ يېڭى مەلۇماتلارغا قارىغاندا بۇ سان 3 مىليونغا يەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بىز يىغىۋېلىش لاگېرىدىكىلەرنىڭ كۆپ سانلىقىنىڭ قۇرامىغا يەتكەن ئەركەكلەر ئىكەنلىكىدەك پاكىتنى نەزەرگە ئېلىپ، بۇنىڭ قۇرامىغا يەتكەن ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ سانىدىكى نىسبىتىنى ئويلاپ باقساق ئەھۋال كىشىنى چۆچۈتىدۇ. Early Warning (ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش) لايىھە دوكلاتىدا شەرقىي تۈركىستاندا دۆلەت باشچىلىقىدىكى زور قەتلىئام يۈز بېرىشىنىڭ خەتىرى كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن[4].

يۇقىرىقىلاردىن ۋە مۇناسىۋەتلىك باشقا ئۈچۈرلاردىن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ۋە بىخەتەرلىك ئەھۋالى توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەرنى يەكۈنلەش مۇمكىن:

---

(1) ***«China Sets Up 'Big Data'System For Preventive Policing in Xinjiang: Report»***, *Radio Free Asia*, February 27, 2018, https://www.rfa.org/english/news/uyghur/preventive-02272018165119.html

(2) Emily Feng, 29 Haz 2018, https://mobile.twitter.com/EmilyZFeng/status/1012590155490680832?s=19

(3) Adrina Zenz, ***«Thoroughly Reforming them Toward a Healthy Heart Attitude – China's Political Re-Education Campaign in Xinjiang»***, May 15, 2018, p.16.

(4) ***«Rising Risk of State-Led Mass Killing in China›s Xinjiang Region»***, Early Warning Project, Sep 15, 2014, http://www.earlywarningproject.com/2014/10/17/rising-risk-of-state-led-mass-killing-in-china-s-xinjiang-region

1. شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ يوشۇرۇن قىرغىنچىلىق ۋە شىددەتلىك ئاسسىمىلياتسىيەگە ئۇچراۋاتقان بولۇپ، ئەگەر ۋەزىيەتتە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىسا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار يەنە 20 يىل ئىچىدە پۈتۈنلەي يوقاپ كېتىشى مۇمكىن.

2. شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئەڭ ئەقەللىي ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىنغان بولۇپ، ئۆزلىرى ئۇچرىغان زۇلۇمغا نىسبەتەن ھەر قانداق شەكىلدىكى قارشىلىق كۆرسىتىش، نارازىلىقنى ئىپادىلەش ۋە ئەھۋالدىن سىرتتىكىلەرنى خەۋەردار قىلىش ئىمكانىيەتلىرى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلانغان.

3. ئۇيغۇرلارنىڭ بىخەتەرلىكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچراۋاتقان، ھەرۋاقىت كوللېكتىپ قىرغىن قىلىنىش خەتىرى مەۋجۇت بولۇپ، بۇ خەتەر بارغانسېرى ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان سىستېمىلىق ھەرىكەتلىرى[1] جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدىكى مائارىپنىڭ پۈتۈنلەي چەكلىنىشى، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى ۋە باشقا ئاسسىمىلياتسىيە سىياسەتلىرى[2]، مەجبۇرى نىكاھ ۋە دىنى، مىللىي ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ چەكلىنىشى ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىكى باشقا ئۇچۇرلاردىن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەرنى خۇلاسىلەش مۇمكىن:

1. خىتاي دائىرىلىرى ئۇيغۇر ئېتنىك كىملىكىنى مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىدىن تېز سۈرئەتتە ئومۇميۈزلۈك يوقىتىش سىياسىتىگە ئۆتكەنلىكتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ يەككە ياكى كوللېكتىپ شەكىلدىكى ئېتنىك

(1) Editorial Board, ***«China's repugnant campaign to destroy a minority people»***, The washington Post, May 20, 2018, https://www.washingtonpost.com/opinions/chinas-repugnant-campaign-to-destroy-a-minority-people/2018/05/20/9fe061b4-5ac0-11e8-b656-a5f8c2a9295d_story.html?utm_term=.267723b37f29

(2) ***«Current Human Rights Issues in the East Turkestan (Xinjiang Uyghur Autonomous Region of China)»***, Uyghur Research Institute, May 24, 2018, http://www.uysi.org/ug/updated-report-current-human-rights-issues-in-the-east-turkestan/

كىملىكىنى ساقلاش يولىدىكى ھەرقانداق ئۇرۇنۇشلىرى جىنايەت ھېسابلىنىپ، ئېتنىك كىملىكىنى قوغداش يولىدا ھاياتى ۋە بەختەرلىكىنى دوغا تىكىشكە مەجبۇر بولماقتا.

2. ياش ئەۋلادلارنىڭ مىللىي كىملىكتىن سۆز ئېچىشى مۇمكىن ئەمەس بولۇپلا قالماي ئېتنىك كىملىكمۇ ئېغىر يوقىتىشقا ئۇچراۋاتقان بولۇپ، ئائىلىسىدىن، ئاتا- ئانىسىدىن مەجبۇرىي ئايرىۋېتىش ۋە خىتاي مائارىپىدا تەربىيەلەش ئارقىلىق ئۇلارنى ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خىتايلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان.

3. سىستېمىلىق بېسىم ۋە كەمسىتىش ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي، جىسمانىي ساغلاملىقى ۋە پىسخىك تەكشۈلۈقىنى ئېغىر زەخىمگە ئۇچراتقان.

4. ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىنىشى ۋە ئۆلتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھاياتى كۈچى ئاجىزلاپ، ئىجتىمائىي قاتلاملىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان.

5. ئوخشىمىغان كەسىپ ۋە تەبىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوخشاش زۇلۇم ۋە كەمسىتىلىشكە ئۇچرىشى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلاردىن بولغان دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ ئۇقتىلىق زەربە بېرىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىشى(1) جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تەقدىرداشلىق ئېڭىنى كۈچەيتىشكە تۈرتكە بولىدىغان بولسىمۇ، ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ بىر- بىرلەپ نازارەت ئاستىغا ئېلىنىشى ئۇيغۇرلارنى تىرىك روبوتلارغا ئايلاندۇرۇشقا باشلىغان. شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى توغرىلىق بىۋاستە مەلۇماتقا ئېرىشىش قىيىن بولسىمۇ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بەزى ئۇچۇرلاردىن مەلۇم دەرىجىدە پەرەز قىلالايمىز.

1. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى كۆپ قىسىم ئەمگەك كۈچى (بولۇپمۇ ئەرلەر) نىڭ ھەر خىل شەكىلدىكى تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىغا قامىلىشى، ئۇيغۇر

(1) ***«China to Punish ‘Two-Faced’ Uyghur Officials in New Reward Scheme»***, *Radio Free Asia*, December 26, 2017, https://www.rfa.org/english/news/uyghur/rewards-12262017144824.html

بايلىرىنىڭ قولغا ئېلىنىپ، مال - مۈلكىنىڭ مۇسادىرە قىلىنىشى ۋە مەجبۇرى تارقاقلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ يەرلىك ئىگىلىكى ئاساسەن ۋەيران بولغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار ھۆكۈمەتكە ياكى خىتاي كۆچمەنلىرىگە ئەرزان ئەمگەك كۈچى بولۇش ئارقىلىقلا تۇرمۇشىنى قامداشقا مەجبۇر بولغان.

2. كۆپ قىسىم ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ ئىقتىسادى تايانچى بولغان ئەرلەر يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نورمال ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىشتىن مەھرۇم قالغاچقا، بۇ ئائىللەرنىڭ قايسى خىل ئۇسۇلدا ھايات كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلىش قىيىن.

***2 - باب: مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى***

1950 - يىللاردىن باشلاپ مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتلەردە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تەشكىلاتلارنى قۇرۇشقا باشلىدى. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ۋە ئىسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن قاتارلىق داۋا لىدېرلىرى مۇھاجىرەتتىكى داۋانىڭ ماھىيىتىنى، نىشانىنى ۋە ئىجرا قىلىنىشىنى نۇتۇقلىرى، ماقالىلىرى شۇنداقلا كىتابلىرى بىلەن شەرھىيلەپ ئۆتتى. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مۇھاجىرەتتىكى داۋا تەشكىلاتلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان مۇستەقىللىق كۈرىشىدۇر. بۈگۈنگىچە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 50 دىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى قۇرۇلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى سىياسىي ۋە ھەمكارلىق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارماقتا. بۇنىڭدىن باشقا ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ساھەسىدىكى تەشكىلاتلارمۇ بار. دۇنيانىڭ پەرقلىق دۆلەتلىرىدە قۇرۇلغان بۇ تەشكىلاتلار ئۆز دۆلەتلىرىدە ئاكتىپ ھالدا پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارماقتا ۋە ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ سىياسىي، قانۇن ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى شۇنداقلا خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا. لېكىن،

مەۋجۇت بولغان خەلقئارا مۇناسىۋەت، خەلقئارالىق سىستېما ۋە دۇنيا تۈزۈمى بۇ يەرلىك تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى بوغۇپ قويماقتا. مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن يۇقىرى سەۋىيە ھازىرلاش ۋە كەڭ دائىرىلىك سىياسىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولماقتا.

بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ سىياسىي پىكىر جەھەتتە بىرلىشەلمەيدىغان ھېچقانداق تۇسالغۇسى يوق بولۇپ، ۋەكىللىك تەشكىلاتلار گەرچە خىزمەت ۋاستىلىرىدا ئوخشىمىغان يوللارنى تۇتۇشقا مەجبۇر بولسىمۇ، ئەمما ھەممىسىلا مۇستەقىللىقنى نىشان قىلىدۇ. ئەمما، ھەر بىر تەشكىلات ئايرىم ئايرىم ھالدا خىتايدىن ئىبارەت غايەت زور بىر كۈچنىڭ بىۋاستە يوقۇتۇش نىشانى بولغانلىقتىن، ئۆزۈن مۇددەت پۇت تىرەپ تۇرۇش، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش، كۈچلۈك قوللىغۇچىلارغا ئېرىشىش، كۆزلىگەن مەقسەتلىرىنى قەدەممۇ قەدەم ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىماقتا.

بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

- خىتاينىڭ بىۋاستە قول سېلىپ خەلق ئاممىسى ئىچىدە بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ئابرۇيىنى سۇندۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى.
- تەشكىلاتلارنىڭ ئامما تەرىپىدىن بېرىلگەن تەنقىدىي پىكىرلەرنى قوبۇل قىلماسلىقى.
- تەشكىلاتلار ئىچىدىكى شەخسلەرنىڭ ۋە جامائەت ئەربابلىرىنىڭ شەخسىي كۈچ تالىشىش كۈرەشلىرىنى سىياسىي داۋاغا ئېلىپ كىرىشى.
- تەشكىلاتلارنىڭ شەخسلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسىدە شۇ شەخسنىڭ مەلۇم خاتالىقىغا ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ بىر پۈتۈن توغرا ياكى خاتا بولغان ھەممىلا ھەرىكەتلىرىگە قارا قويۇق قارشى تۇرۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە ھۇجۇم قىلغۇچىلارنى كۆپەيتىۋېلىشى.
- تەشكىلات ئىچىدە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان كىشىلەرنىڭ دىپلوماتىك ئويۇن ۋە

سىوز ئىبارىلەرنى ئۆز خەلقىگە ئىشلەتمەسلىك كېرەك بولغان يەردىمۇ ئىشلىتىش ئارقىلىق سەممىيەتسىزلىكنى ئىپادىلىشى ۋە ئۆز خەلقىگە ئوچۇق ئاشكارا بولۇشقا تېگىشلىك مەسىلىلەردە راستچىل ۋە ئوچۇق ئاشكارا بولماسلىقى.

- تەشكىلاتلارنىڭ ياشلاردىكى ھەر خىل كۆچلەردىن پايدىلىنىشقا تولۇق ئەھمىيەت بەرمەسلىكى.

- تەشكىلاتلار خىزمەتلەردە يېڭى پىكىر يارىتىش ۋە تەشكىلى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە قىسمەن كەسپى مۇتەخەسسىسلەردىن پايدىلىنىپ خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ۋە يېتەكچى يېتىشتۈرۈش خىزمەتلىرىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىكى.

- تەشكىلاتلارنىڭ كۆپىنچىسى دىياسپورادىكى خەلقنىڭ كەيپىياتىنى ۋە كۆز - قاراشلىرىنى توغرا دەڭسىيەلمەسلىكى ۋە ئۇلار توغرۇلۇق كېرەكلىك ئۇچۇر ئىگىلەپ ئىدارە قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى نەتىجىسىدە خەلق ئىچىدىكى بولۇنۇش كىرىزىسلىرىنى ھەل قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىشى.

- تەشكىلاتلارنىڭ بازار تاپقان پىكىر ئېقىملىرى ئىگىلىرىنى داۋاملىق ئۆز قولىدا تۇتۇشقا ئەھمىيەت بەرمەستىن بەلكى ئۇلارنى بىر مەزگىللىك پايدىلىنىش ۋاستىسى قىلىۋېلىشى، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنى ئۆزلىرىگە قارشى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ قويۇشى.

بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ سىياسىي پىكىر جەھەتتە ئىككى چوڭ قۇتۇپقا ۋە تەشكىلى ھەرىكەت جەھەتتە ئۈچ خىل بۆلۈشكە توغرا كېلىدۇ.

**سىياسىي جەھەتتە:**

بىرىنچى خىل مودېل، دۇنيانىڭ ھازىرقى سىستېمىسى، دېموكراتىك تۈزۈم، غەربنىڭ سىياسىي سىستېمىسى ۋە دۆلەت رول مودېلىنى ئاساس قىلغان ھالەتتە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش. (بۇ پىكىردىكى ۋەكىللىك تەشكىلات - د ۇ ق) ئىككىنچى خىل مودېل بولسا، ئىسلامى كۆز قاراش ۋە شەرىئەت سىستېمىسىنى

رول مودېل قىلىپ ھەرىكەت قىلىش. (بۇ پىكىردىكى ۋەكىللىك تەشكىلات ـ تۈركىيەدىكى مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى).

### تەشكىلىي جەھەتتە :

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى ۋە تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تەشكىلات ۋەكىل خاراكتېرلىك ھالدا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارماقتا. ئافغانىستان، پاكىستان ۋە سۈرىيەدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان «تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى» شەرقىي تۈركىستان داۋاسىدا قوراللىق كۈرەش يولىنى تاللىغان.

شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان تەشكىلاتلار ئىچىدە تەشكىلاتلارنىڭ رەسمىي ئېتىراپ قىلىنىشى، نىشانى ۋە پروگراممىسى، باشقۇرغۇچى ھەيئەتلىرى ۋە ئەزالىرى، تەسىرى ۋە نەتىجىلىرى قاتارلىق ئامىللارغا قاراپ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

### دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى- ئۇيغۇر مەسىلىسى بىلەن بىرلىكتە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىمۇ خەلقئارالاشتۇرۇش ۋە داۋانى خەلقئارا سەھنىدە ئۇستۇن سەۋىيەدە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن قۇرۇلغان تەشكىلاتتۇر. 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن بۇرۇن ئۇيغۇر مەسىلىسى خىتاينىڭ ئىچكى مەسىلىسى ئىدى. خىتايلارمۇ خەلقئارا قانۇندا كۆرسىتىلگەن «ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشماسلىق» ماددىسىنى باھانە قىلىپ چەت دۆلەتلەرنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىگە ئارىلىشىشىنى چەكلەپ كەلگەن ئىدى. 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى خەلقئارالىق تېررور ھەرىكىتى، مۇناسىۋەتلىك تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنى تېرورلۇق تەشكىلاتى ياكى تېرورچى دەپ ئېلان قىلىشى مەسىلىنىڭ ئەسلىدە بىر خەلقئارالىق مەسىلە ئىكەنلىكىنى

مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋە ئېتىراپ قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى[1]. 11 - سېنتەبىر ۋەقەسىدىن بىر ئاي كېيىن پرېزىدېنت بۇش بىلەن خىتاي رەئىسى جياڭ زېمىننىڭ مۇخبىرلارنى كۆتۈۋېلىش يىغىنىدا، ئامېرىكا پرېزىدېنتى بۇشنىڭ خىتاينىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش سىياسىتى باھانىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلغانلىقىنى ئەيىبلىشى بىلەن ئۇيغۇر مەسىلىسى خەلقئارا سەھنىگە رەسمىي تۈردە چىققان بولدى. بۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئۇيغۇر ياكى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى خىتاينىڭ كۈچىيىشى بىلەن بىرگە خەلقئارادا كەڭ تونۇلۇشقا ۋە سىياسىي مەسىلە سۈپىتىدە بىلىنىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ 1949 - يىلدىن بۇيانقى ئۇيغۇر ياكى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇش پىلانى ئەمەلگە ئاشتى. خىتاينى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەر خىتاينى تولۇق تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇر ياكى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىمۇ تەتقىق قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن چەتئەللىك مۇتەخەسسىسلەر ئۇيغۇر ياكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، دىنى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ھەتتا كىنو-فىلىملىرى، ئىرقى گېنلىرىغىچە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ جايلاشقان دۆلەتلىرىدىكى پائالىيەتلىرى ئۇ دۆلەت بىلەن خىتاينىڭ مۇناسىۋەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. يەنى، ئۇيغۇر ياكى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى خىتاينىڭ دىپلوماتىيە مەسىلىسىگە ئايلاندى.

بۇنىڭ بىلەن خەلقئارا ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ۋە داۋانى خەلقئارا سەۋىيەدە ئاكتىپ ھالدا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، تەشكىللىيەلەيدىغان، پىكىر بىردەكلىكىنى ساقلىيالايدىغان ۋە يېتەكچىلىك قىلالايدىغان بىر ئانا تەشكىلاتقا ئېھتىياج تۇغۇلدى. بۇ پىكىر 2002 - يىلى ئۆكتەبىردە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، 2003 - يىلى

(1) Erkin Ekrem, ***«Çin'in Doğu Türkistan Bağımsızlık Hareketine Yönelik Politikası: 11 Eylül Öncesi ve Sonrası (I Bölüm) »***, *Stratejik Analiz*, cilt 2, sayı 20 (Aralık 2001), ss. 75-76; Erkin Ekrem, ***«Çin'in Doğu Türkistan Bağımsızlık Hareketine Yönelik Politikası: 11 Eylül Öncesi ve Sonrası (II Bölüm) »***, *Stratejik Analiz*, cilt 2, sayı 21 (Ocak 2002), ss. 93-100

ئاپرېلغىچە تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلمىسى، نىشانى، باشقۇرۇش ئۇسۇلى، لايىھەسى ۋە ئىستراتېگىيەلىك پىلانى مۇزاكىرە قىلىندى. بۇ جەرياندا دۇنيادىكى كۆپلىگەن شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بىلەن ئالاقە باغلاندى ۋە بىرمۇنچىلىغان تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەندى. قۇرۇلتاينىڭ بىرىنچى قېتىملىق كېڭىشى شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى ۋە شەرقىي تۈركىستان ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ باشچىلىقىدا، مۇھاجىرەتتىكى كۆپلىگەن تەشكىلات - دەرنەكلەر ۋەكىللىرىنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن 2004 - يىلى 16 - ئاپرېلدىن 19 - ئاپرېلغىچە ميۇنخېندا ئۆتكۈزۈلدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نامىدا يېڭىدىن قۇرۇلغان بۇ تەشكىلاتنىڭ تۇنجى رەئىسى ئەركىن ئالىپتېكىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋاكالەتسىز ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە گېرمانىيەنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇنلىرى بويىچە رەسمىي ئەنگە ئېلىندى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ گېرمانىيە ۋە خەلقئارا قانۇننىڭ بەرگەن ئىمكانلىرى ئىچىدە، خەلقئارا سەھنىدە تېخىمۇ ئاكتىپ پائالىيەت قىلىشى ئۈچۈن «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» سىياسىتىنى ئاساس قىلدى. «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» ھەققى - بىرلەشكەن دۆلەتلەر ئەھدىنامىسى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مەدەنىي ۋە سىياسىي ھوقۇق ئەھدىنامىسى بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھەقلىرىنى قوغداش ئەھدىنامىسى قاتارلىق خەلقئارالىق قانۇنلارغا تايانماقتا[1]. يەنى، بۇ قانۇنلارغا ئاساسەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇستەقىل بولۇش، ئايرىلىپ چىقىش ياكى باشقا بىر دۆلەت بىلەن بىرلىشىش ۋە ياكى باشقا بىر دۆلەتكە تەۋە بولۇش قاتارلىق ھوقۇقلىرى بار [2]. ئۇنىڭدىن باشقا «مۇستەملىكە دۆلەتلەر ۋە

(1) ***International Covenant on Civil and Political Rights*** (New York: General Assembly UN, 1966), A/RES/2200A (XXI); International Covenant on Economic, Social and Cultural Rights (New York: General Assembly UN, 1966), A/RES/2200A (XXI).

(2) Malcolm N. Shaw, International Law, Cambridge University Press 2003:225-231; Allen Buchanan, Justice, Legitimacy, and Self-Determination: Moral Foundations for International Law, Oxford: Oxford University Press, 2007:331-400; Otto Spijkers, The United Nations, the Evolution of Global Values and International Law, Antwerp: Intersentia, 2011:355-446; Anna Moltchanova, National Self-Determination and Justice in Multinational States, Springer Netherlands 2009:1-24. Çin hükümeti hakkı uygulamada

خەلقىگە مۇستەقىللىق بېرىش» توغرىسىدىكى ماددىلار بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بايانىنامىسىدا يەر ئالماقتا، «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» ھەققى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن باشلاپلا خەلقنىڭ ئەركىنلىكىنى قوللايدىغان بىر ئاتالغۇغا ئايلانغاندى (1). بولۇپمۇ بۇنىڭ ئۆز رايونىدا ئاز سانلىق ھالغا چۈشۈپ قالغان خەلقنىڭ ھەققى ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنغان (2). مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ ئاتالغۇ دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ۋە زېمىن پۈتۈنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق پىرىنسىپىغا ئانچە ئۇيغۇن بولمىسىمۇ، مۇستەقىللىقنى ئارزۇلايدىغان پۈتۈن خەلق ياكى مىللەتلەر بۇ ھەق - ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ كەلمەكتە.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، دۇنيانىڭ باشقا - باشقا يەرلىرىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەرخىل تەشكىلاتلاردىن تەركىب تاپقان. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرىمۇ يەرلىك تەشكىلات ۋەكىللىرىنىڭ سايلىشى بىلەن سايلانماقتا.

| **د ئۇ ق رەئىسلىرى** | |
|---|---|
| 2004 ئاپرېل- 2006 نويابىر | ئەركىن ئالىپتېكىن |
| 2006 نويابىر- 2009 ماي | رابىيە قادىر |
| 2009 ماي - 2012 ماي | |
| 2012 ماي - 2016 ئىيۇل | |
| 2016 ئىيۇل- 2017 نويابىر | |

çekinceleri var, Anonymous, «China and the Principle of Self-Determination of Peoples», St Antony's International Review, Vol. 6, No. 1 (2010), pp. 79–102.

(1) Alfred Cobban, National self-determination, Chicago: University of Chicago Press, 1944:4; U. O. Umozurike, Self-determination in international law, Hamden, CT: Archon Boks, 1972:3.

(2) Aureliu Cristescu: The Right to Self- Determination: Historical and Current Development on the Basis of United Nations Instruments, United Nations ( E/ CN. 4/ Sub. 2/ 404/ Rev. 1) , 1981, p. 47.

| | |
|---|---|
| 2017 نويابىر ـ | دولقۇن ئەيسا |

د ئۇ ق يەرلىك تەشكىلاتلارنىڭ خەلقئارا سەھنىدىكى ۋەكىلىدۇر. شۇنداقلا يەرلىك تەشكىلاتلارنىڭ خەلقئارادىكى مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان تەشكىلات بولۇپ، يەرلىك تەشكىلاتلارنىڭ ئارزۇ - تەلەپلىرىنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە قاندۇرۇپ كەلمەكتە. شەرقىي تۈركىستان يەرلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى د ئۇ ق نىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلمىسا، 3/2 ئەزالىرىنىڭ ماقۇللىقى بىلەن چېكىنسە بولىدۇ. ۋەكىللەر د ئۇ ق نىڭ نىزامنامىسىنىڭ ئانا ماددىلىرىنى ئۆزگەرتمەكچى بولسا، 3/2 ئەزا ماقۇللىقى بىلەن ئۆزگەرتسە بولىدۇ ۋە نىزامنامىنىڭ باشقۇرۇش ھەيئىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرىنى 3/1 ئاۋاز بىلەن ئۆزگەرتەلەيدۇ.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدا، قۇرۇلتاي رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىس، ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق بىرقانچىلىغان كىچىك ھەيئەت گۇرۇپپىسى بار. رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، ئىجرائىيە كومىتېت رەئىسى ۋە ھەيئەت گۇرۇپپىسى باشلىقلىرى ۋەكىللەر تەرىپىدىن سايلىنىدۇ. د ئۇ ق رەئىسى خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللارغا ئاساسەن بەزى ۋەكىللەرنى تەيىنلەش ھوقۇقىغا ئىگە. د ئۇ ق بۈگۈنگىچە ئالتە قېتىم قۇرۇلتاي چاقىردى. 2017 - يىلى نويابىردا چاقىرىلغان د ئۇ ق نىڭ پەۋقۇلئاددە قۇرۇلتىيىنىڭ يېڭى نىزامنامىسىغا ئاساسەن، قۇرۇلتاي ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم چاقىرىلىدۇ، رەئىس پەقەت ئىككى قېتىملا ۋەزىپە ئۆتىيەلەيدۇ.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، خەلقئارا سەھنە ۋە خەلقئارا جەمئىيەتتە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان نوپۇزلۇق تەشكىلاتتۇر. تەشكىلات خەلقئارا سەھنىدە لايىقى بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ۋە ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن سەرخىل قوشۇنغا ئېھتىياجلىق. د ئۇ ق تەجرىبىلىك، قابىلىيەتلىك، بىلىملىك، شەخسىيەتسىز ۋە كۆپ تىللىق

شەرقىي تۈركىستانلىقلار ۋە چەتئەللىك داۋا ئادەملىرىنىڭ ياردىمىگە موھتاج . بۇ سەۋەبتىن ياشلار قوشۇنىنى جىددىي يېتىشتۈرۈپ چىقىشى زۆرۈر بولماقتا.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى پائالىيەت دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە خەلقئارا سەھنىدە چوڭ دۆلەتلەر باشچىلىقىدىكى نۇرغۇنلىغان خەلقئارالىق تەشكىلاتلار (ب د ت، ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە باشقا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى قاتارلىقلار...) بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن، خەلقئارالىق سىستېمىغا ماسلىشىشقا مەجبۇر. يەنە بىر تەرەپتىن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ خەلقئارا سەۋىيەدە پائالىيەت ئېلىپ بارالىشى ئۈچۈن ھەرقايسى ساھەلەردە يېتەرلىك دەرىجىدە يېتىشكەن خادىملىرىنىڭ قىسلىقى ۋە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىمۇ د ئۇ ق نىڭ ئەڭ مۇھىم مەسىلىلىرىدىن بىرىدۇر.

**شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى**

شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى 2006 - يىلى ئىستانبۇل شەھرىدە «شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى» دېگەن نامدا تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قانۇنلۇق ھالدا رەسمىي قۇرۇلدى.

قۇرۇلۇش مەقسىتى : شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى، شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان كەسپىي خادىم ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يوقلۇقىدىن ئىبارەت بوشلۇقنى تولۇقلاش، خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەشكىللىنىش ۋە ھەرىكەت قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇش، شەرقىي تۈركىستان خەلقى دۇچ كېلىۋاتقان ھەر تۈرلۈك زۇلۇم، بېسىم ۋە ناھەقچىلىكلەرنى خەلقئارا جامائەتكە پاش قىلىش، دىققىتىنى تارتىش، قوللىشىغا ئېرىشىش ئارقىلىق خىتايغا بېسىم ئىشلىتىش، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋە چەتئەللەردىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي كىملىكىنى، دىنىي ئېتىقادىنى ۋە ھەق - ھوقۇقلىرىنى قوغداش، خەلقىمىزنىڭ يوقاپ كەتكەن مىللىي مەدەنىيەت ۋە تارىخىي يادىكارلىقلىرىنى، مەنىۋى قىممەت قاراشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش،

كەلگۈسى ئەۋلادلارنى تېخىمۇ بىلىملىك، تېخىمۇ ئاڭ - سەۋىيەلىك بىر داۋا ئادىمى قىلىپ يېتىشتۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەردىن ئىبارەتتۇر. بۇ جەمئىيەت مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى، مەدەنىيەت ۋە سىياسىي ھەرىكەتلىرىنى بېيىتىش، ھەرىكەت نىزامنامىسىدا توغرا پىكىر، توغرا چۈشەنچە، دىنىي ۋە مىللىي روھقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئاساس قىلدى. شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى، پۈتۈن ھاياتىنى ۋەتەن- خەلقنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى قوغداش، ئادالەتسىزلىككە قارشى تۇرۇش يولىدا جاپا - مۇشەققەت تارتقان، تۈرمىگە قامالغان، ئەزىيەتكە ئۇچرىغان ۋە پىداكارلىق كۆرسەتكەن مەرھۇم ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇمنىڭ باشچىلىقىدا، شەرقىي تۈركىستاندا ۋە دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان دۆلەتلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان، خەلق ئارىسىدا ئىخلاس ۋە خىزمەتلىرى بىلەن تونۇلغان، ھەر خىل كۆلپەتلەرگە دۇچ كەلسىمۇ قەتئىي بوشاپ كەتمەستىن، ۋەتەن - خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان ئالىملار، ئاكادېمىكلار، جاسارەتلىك، يىراقكۆرەر ياشلار تەرىپىدىن قۇرۇلدى.

شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ ئىدارە ھەيئەت قۇرۇلمىسى: شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى، ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم سايلام ئېلىپ بېرىپ،جەمئىيەتنىڭ ئىدارە ھەيئەت رەھبەرلىكىنى قايتا سايلاپ چىقىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئىدارە ھەيئەت رەھبەرلىكى يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ باش رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان، باش كاتىپى ئابدۇلئەھەد ئابدۇراخمان. مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇلئەھەد (مۇساجان) ئەر. باش نازارەتچى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر. ئىجتىمائىي ياردەم ئىشلىرى مەسئۇلى ئابدۇلكەرىم كۇچار. ئىقتىسادىي ئىشلار مەسئۇلى ئابدۇرېھىم ئەزىز ئوغلى. تەرجىمە ۋە نەشرىيات بۆلۈم مەسئۇلى تۇردى سىدىق ئوغلى (مۆمىنجان). سۇتۇق بۇغراخان كىتابخانا مەسئۇلى ئابدۇخېلىل ئابىتئوغلى.

غايە - مەقسەت: شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى، دۇنيادا ئادالەت ۋە تىنچلىقنىڭ بەرپا بولۇشىغا ھەسسە قوشۇش، ئىسلام ئۈممىتى

ۋە ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق خەلقىمىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم دەپ قارالغان ساھەلەردە خىزمەت قىلىشنى غايە مەقسەت قىلىدۇ.

**مائارىپ جەمئىيىتىنىڭ نۆۋەتتە قىلىۋاتقان خىزمەت ۋە پائالىيەتلىرى:**

1 ـ ياشلارنىڭ بىلىم ـ سەۋىيەسىنى ئاشۇرۇش، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ۋە تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى ئېلىپ بېرىش، ئوقۇغۇچىلارغا قولايلىق ئوقۇش شارائىتى ھازىرلاش.

2 ـ خەلقىمىزنىڭ ۋەتەن ـ مىللەت ئاڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن تەشۋىقات ـ ئاقارتىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىش.

3 ـ مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز ئارىسىدا بىرلىك ئىتتىپاقلىق روھىنى كۈچەيتىش، ئىناق ـ ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىدىغان خىزمەت پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش. ۋەتەن ـ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئارزۇسى بولغان ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ياشلار بىلەن پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن خىزمەت ئىشلەش.

4 ـ خەلقىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقادى، مىللىي مائارىپى، تىلى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش.

5 ـ خەلقىمىزنى توغرا پىكىر، توغرا ئىدىيە، ئىسلامى كۆز قاراش بىلەن يېتەكلەش، ھەققانىيەتكە ئۈندەش، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، ئازادلىققا چاقىرىق قىلىش.

6 ـ تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، كىتاب ـ ژۇرنال، ئۈن ـ سىن ماتېرىياللىرىنى تەييارلاپ، نەشر قىلىپ تارقىتىش. ئىنتېرنېت تور رادىيو ـ تېلېۋىزىيەدىن ئىبارەت تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى بىلەن ۋەتەن ـ خەلقىمىزگە ئالاقىدار توغرا ئۇچۇر ۋە خەۋەرلەرنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈش.

7 ـ ئاسارەتتە قالغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ھالدا، ۋەتەنىنىڭ ئەمەلىي شەرت ـ

شارائىتى ۋە ۋەزىيىتىگە قاراپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىش.

شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن نۇقتىلار بويىچە غايە - مەقسەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە.

**جەمئىيەتنىڭ قازانغان ئۇتۇقلىرى:**

تۈركىيەدە ۋە دۇنيادا ۋەتەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بىر تەشكىلات ۋە ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان بىر جامائەت شەكىللەندى.

ئىستانبۇلدا بەش ئورۇندا خىزمەت بىناسى ۋە بۆلۈم شۆبىلەر قۇرۇلدى.

ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تەشكىلاتلار ئارىسىدا بىرلىك - باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈپ شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا تۈرتكە بولدى.

جەمئىيەتنىڭ يېتەرسىزلىكى بولسا، كەسپىي خادىملارنىڭ ئازلىقى، خەلقئارا سىياسىي ھەرىكەتتە يارامل‍ىق مۇتەخەسسىسنىڭ كەمچىللىكى، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزور قانىلى قۇرغىدەك ماددىي ۋە مەنىۋى دەستەكنىڭ تېپىلماسلىقىدىن ئىبارەت

**جەمئىيەتنىڭ خىزمەت بۆلۈم ۋە شۆبىلىرى:**

تەلىم-تەربىيە ئىشلىرى بۆلۈمى، سىياسىي ئىشلار بۆلۈمى، ئىجتىمائىي ياردەم ۋە خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، كىشىلىك ھەق-ھوقۇقلىرىنى قوغداش بۆلۈمى، كۈلتۈر-مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى بۆلۈمى، ئاياللار بۆلۈمى، دەۋەت ۋە تەبلىغ بۆلۈمى، ياشلار بۆلۈمى، شەرقىي تۈركىستان تەتقىقات مەركىزى، سۇتۇق بۇغراخان تەرجىمە ۋە نەشرىيات بۆلۈمى، مېدىيا تەشۋىقات بۆلۈمى، ئانا تىل يەسلى، قۇرئان كەرىم كۇرسى، زەيتىنبۇرنۇ خىزمەت شۆبىسى، كۈچۈكچەكمەجە خىزمەت شۆبىسى قاتارلىقلار ...

بۇ ئىككى تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە پائالىيەتلىرى ئۆزگىچە خاس بولسىمۇ نىشانى بىر ۋە ھەمكارلىششىش ئىمكانلىرى كەڭ. بۇ ئىككى تەشكىلات ئۆز ئارا ھەمكارلىق ۋە ھۆرمەت ئىچىدە ھازىرغىچە ھېچبىر توقۇنۇشقا يول قويمىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ھەر ئىككى تەشكىلات ئايىغى چىقماس بەھۇدە ھوجۇملارغا ئۇچراپ كەلمەكتە. شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى داۋاا ئۈچۈن قۇرۇلغان، تەشكىلات ئەزالىرىمۇ داۋا ئۈچۈن بۇ تەشكىلاتلارغا قېتىلغان. لېكىن، تەشكىلاتلار ۋە سىياسەتچىلەر ئارىسىدا يۈز بېرىۋاتقان ئورۇنسىز جېدەللەر داۋاغا زىيان يەتكۈزمەكتە. داۋا ئۈچۈن تەشكىلاتلار ۋە سىياسەتچىلەر شەخسىي مەنپەئەتلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ داۋا ئەتراپىغا ئۇيۇشۇشى كېرەك. پۈتۈن تەشكىلاتلارنىڭ نىشانى بىر لېكىن تۇتقان يولى باشقىدۇر. بۇ پەرق تۈپەيلى داۋاغا زىيان يەتسە، داۋاغا خىيانەت قىلغانلىق بولىدۇ. تەشكىلاتلار ئارىسىدا ھەمكارلىق بولغاندا داۋانى كۈچلەندۈرگىلى، پائالىيەتلەرنى جانلاندۇرغىلى بولىدۇ.

## مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىيەنى مەركەز قىلغان. ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىنىڭ يېقىندا ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا چەتئەلدىكى بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 805350 ئەتراپىدا بولۇپ، قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلار نىڭ سانى 400000، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستاننىڭ ھەر بىرىدە 120000 دىن ئۇيغۇر نوپۇسى بار دەپ تەخمىن قىلىنغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەخمىنەن 80 پىرسەنتى ئوتتۇرا ئاسىيادا بولۇپ، پەقەت قازاقىستاننىڭ ئۇيغۇر نوپۇسىلا پۈتكۈل مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىن قالسا سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە تۈركىيەدە ئۇيغۇرلار كۆپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ ئايرىم ئايرىم ھالدا 55000 ۋە 50000 دىن

ئىبارەت[1].

بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئۇيغۇرلار سان جەھەتتە كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ۋەتەندىن ئايرىلغىلى ئۇزۇن بولغان ياكى ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇرلار بولۇپ، ۋەتەندىكىلەر ۋە باشقا ئۇيغۇر قېرىنداشلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ كەمچىل بولۇشى، ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۆلەتتىكى سىياسىي شارائىت ۋە باشقا ئامىللار تۈپەيلىدىن مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي دەۋاسىدا ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىدە تۇتقان ئورنى، ئوينىغان رولى كۆرۈنەرلىك ئەمەس. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىشى، مىللىي كىملىكنى ساقلاپ قېلىش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرى ۋە ئۆزلىرى ياشاۋاتقان يەرلىك جەمئىيەتلەرگە سىڭىپ كىرگەن، جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلاملىرىدا ئورۇن تۇتقان، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئورنى يۇقىرى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ بولۇشى قاتارلىق بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر دىياسپوراسىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئورنىنى كۈچلەندۈرىدىغان يوشۇرۇن كۈچ بولۇش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

كېيىنكى 20 يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندىن چەتئەلگە چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى تۈركىيە، ياۋروپا، ئامېرىكا، كانادا ۋە باشقا غەرب ئەللىرىگە يەرلەشكەن بولۇپ، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى تەھلىل قىلغاندا ئاساسەن مۇشۇ رايوندىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلىمىز.

تۈركىيە- ئۇيغۇرلار كېيىنكى مەزگىللەردە ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان دۆلەت بولۇپ، تۈركىيەگە چىققان ئۇيغۇرلاردىن ئۆز ۋەتىنىدىكى زۇلۇمدىن قېچىپ، مىللىي ۋە دىنىي قېرىنداشلىق تۇيغۇسىنىڭ تۈرتكىسىدە تۈركىيەنى پاناھ تارتىپ كەلگەنلەر، ئوقۇش، خىزمەت ۋە تىجارەت بىلەن كەلگەنلەر، شۇنداقلا دىن

(1) «بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ نوپۇسى»، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى، http://www.akademiye.org/ug/?p=10564

ئۆگىنىش ئۈچۈن باشقا ئەرەب ئىسلام ئەللىرىگە چىقىپ ۋەزىيەتنىڭ يامانلىشىشى سەۋەبىدىن تۈركىيەگە قايتىپ كەلگەنلەر بار. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر دىياسپوراسى تەركىبى مۇرەككەپ، خىلمۇ-خىل ئارقا كۆرۈنۈش ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە. بىر قەدەر كۈچلۈك مىللىي ۋە دىنى تۇيغۇغا ئىگە توپلۇم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە باشقا غەرب ئەللىرىدىكى ئۇيغۇرلار جەمئىي 30000 ئەتراپىدا بولۇپ ئاساسەن ئوقۇش، خىزمەت ۋە پاناھلىق تىلەش يولى بىلەن ئولتۇراقلىشىپ قالغان. بۇلارنىڭ ئارىسىدا يۇقىرى مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەن زىيالىيلارنىڭ نىسبىتىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى بولۇشى، غەرب ئەللىرىدىكى ئەۋزەل سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىت قاتارلىق ئامىللار غەرب ئەللىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى مۇھاجىرەتتىكى ئومۇمىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئاز بولسىمۇ (تەخمىنەن 4%) ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي دەۋاسى ۋە ئىجتىمائىي پىكرىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتىنىڭ جىددىي ناچارلىشىشى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلار ئارىسىدا ئوخشىمىغان ئىنكاس ۋە تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى.

1. ئورتاق تەقدىرداشلىق تۇيغۇسىنىڭ كۈچىيىشى ۋە مىللىي ئويغىنىش. شەرقىي تۈركىستاندىكى بېسىمنىڭ كۈنسېرى ئېشىشى ۋە چەتئەلدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاسىتە بۇ زۇلۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىكى تەقدىرداشلىق ئېڭىنى كۈچەيتىپ، مىللەتنىڭ كېلەچىكىگە بولغان ئەندىشىسى ۋە دۈشمەنگە بولغان نەپرىتى ئېخىمۇ ئاشتى. نەتىجىدە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۈچلۈك مىللىي ئويغىنىش دولقۇنى پەيدا بولدى.

2. چارىسىزلىق، چۈشكۈنلۈك، ئەندىشە ۋە بېسىمغا ئوخشاش پاسسىپ روھىي كەيپىياتلارنىڭ تەسىرى دەل يۇقىرىدا ئېيتىلغان قىزغىنلىق ۋە ئېنېرگىيەنىڭ توغرا ئۇسۇلدا يېتەكلەنمەسلىكى ۋە ئۇنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش ئىمكانلىرىنىڭ ئاز بولۇشى، بۇنىڭغا قوشۇلۇپ شەرقىي تۈركىستاندىن توختىماي كېلىۋاتقان يامان خەۋەرلەر مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تەشۋىش، ئەندىشە ۋە ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈككە ئوخشاش ناچار پسىخىك كەيپىيات شەكىللەندۈردى. ئۇزۇن مەزگىل بۇ خىل ناچار كەيپىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش نۇرغۇن كىشىلەردە پسىخىك تەڭپۇڭسىزلىق پەيدا قىلىپ بۇنىڭ ئىپادىلىرى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بۇ خىل بىنورمال پسىخىك مۇھىتتا جامائەت پىكرى ئاسانلا خاتا يېتەكلىنىپ ۋە سۈيىئىستېمال قىلىنىپ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا سەلبىي تەسىرگە ئۇچراۋاتىدۇ ۋە بۇ تەسىر بارغانسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ.

3. رادىكاللىق، قۇتۇپلىشىش ۋە رېئاللىقتىن قېچىش. شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ئوخشىمىغان پىكىر ئېقىمىدىكى تەشكىلات گۇرۇھلارنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن سىستېمىلىق بىر يېتەكچى ئىدېئولوگىيەسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلماسلىقى، تەشكىلاتلار ئارا ماسلىشىش ۋە ھەمكارلىقنىڭ كەم بولۇشى ۋە ئوخشىمىغان پىكىرلەر ئارىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئۆتكۈر بولۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ھازىرقىدەك ھالقىلىق ۋەزىيەتتە نۇرغۇن ياشلار بۇ ئەھۋالدىن ئۈمىدسىزلىك ۋە قايمۇقۇش ھېس قىلىپ ھەر خىل ئاشقۇن، رادىكال ئېقىملارغا ۋە قۇتۇپلۇق تەپەككۇرغا مايىل بولماقتا. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئۆز- ئۆزىنى ئالداش ئارقىلىق مەۋجۇت رېئاللىقتىن قېچىپ جامائەت پىكرىنى، ھەتتا پۈتكۈل دەۋانى خاتا يۆنىلىشكە يېتەكلىمەكتە. ھەر ئىككىلا خىل يۈزلىنىشنىڭ يوشۇرۇن خەتىرى ئىنتايىن زور بولۇپ ۋاقتىدا تىزگىنلەنمىسە ۋە ئالدى ئېلىنمىسا، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئۈچۈن تولدۇرۇۋالغۇسىز زىيان ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

4. شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمنىڭ ئادەم ئىشەنگۈسىز بىر دەرىجىگە يېتىشىدىن پەيدا بولغان زۇلۇمدىن دەرھال قۇتۇلۇش تەشنالىقى، مۇھاجىرەتتىكى

ئۇيغۇرلاردا بۇ مىللىي مۇجادىلىنىڭ ئۇزۇن ۋە مۇشەققەتلىكىدىن ئىبارەت ئەسلى ھەقىقەتنى ئۇنتۇلدۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا، بىر تۈركۈم كىشىلەر چەتئەلدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى زۇلۇمنى يەڭگىللىتىشكە ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى دەپلا، تەشكىلاتلارنى پۈتۈنسۈرۈك ئىنكار قىلىۋاتىدۇ. بۇ خىل ۋەزىيەتتە كىشىلەر ئەسلى مەۋجۇت تەشكىلاتلارنى ئىسلاھ قىلىش، تېخىمۇ قوللاش، ئەتراپىغا ئۇيۇشۇشنىڭ ئورنىغا، يېڭىدىن تەشكىلات قۇرۇشنى داۋاغا تېخىمۇ پايدىلىق دەپ خاتا ئويلاپ قېلىشى ۋە ئەسلىدىلا ئىنتايىن ئاز، ئاجىز كۈچىمىز تېخىمۇ تارقاقلىشىپ كېتىشى مۇمكىن.

**ئىقتىسادىي ئەھۋالى**

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى توغرىسىدا قولىمىزدا پايدىلانغۇدەك ھېچقانداق يازما ماتېرىيال يوق بولۇپ، ھەر قايسى دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن ئالغان ئاغزاكى ئۇچۇرلار ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىكى بەزى ئۇچۇرلاردىن پايدىلىنىپ يەكۈن چىقىرىشقا مەجبۇرمىز.

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى، كارخانىچىلار بىرلەشمىسى دېگەنگە ئوخشاش ھېچقانداق ئىقتىسادىي بىرلىكى يوق.

1. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى چوڭ جەھەتتىن ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا باغلىق بولۇپ، غەرب ئەللىرىدە بولۇپمۇ ياۋروپادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى باشقا جايدىكىلەرگە قارىغاندا بىر قەدەر ھاللىق دېيىشكە بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ دۆلەتلەردە كۆلەملەشكەن ۋە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە شىركەت، كارخانىلارنى قۇرغان ئۇيغۇرلار يوق دېيەرلىك.

2. تۈركىيەدە ئۇيغۇر سودىگەرلەر ۋە تىجارەتچىلەر بىر قەدەر كۆپ دەپ قارىلىدۇ. ئەمما كۆپىنچىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان بىلەن سودا ئالاقىسى قويۇق بولغاچقا ھازىرقىدەك شارائىتتا نۇرغۇنلىرىنىڭ مال - مۈلكى يېرىم توڭلىتىلغان ۋە سودىسى يېرىم پالەچ ھالغا چۈشكەن بولۇپ بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ

ئىقتىسادى كۈچى ۋە باشقا تەپسىلاتلار توغرىسىدا بىر نەرسە دېيىش قىيىن.

3. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندا بىر تۈركۈم بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە ئۇيغۇر بايلىرى بار. لېكىن باشتا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قېرىنداشلىرى بىلەن بولغان باغلىنىشىنىڭ ئاجىز بولۇشى ۋە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ئىشەنچىنىڭ كەمچىل بولۇش سەۋەبىدىن بۇلارنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىدىن شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئۈچۈن پايدىلىنىش تېخى يېتەرلىك ئەمەس.

## تەكلىپ ۋە تەۋسىيە:

ئا) شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئېغىر ۋەزىيىتى توغرىسىدا ماتېرىيال توپلاپ، خەلقئارالىق تەشكىلاتلار ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ بۇنىڭغا قارىتا كۆڭۈل بۆلۈشىنى ۋە بۇ ھەقتە ئۇيغۇرلارغا پايدىلىق قارار چىقىرىشىنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستاندا كەلگۈسىدە يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان قىرغىنچىلىقنىڭ رېئال بىر خەتەر ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئاساسلارنى توپلاپ، يۇقىرىقى دۆلەت ۋە ئورگانلارنىڭ بۇ ئىشقا دىققىتىنى قوزغاش ۋە ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىپ بۇ يوشۇرۇن خەۋپنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش تەييارلىقى كۆرۈش.

ب) ئەڭ تېز سۈرئەتتە شەرقىي تۈركىستان مەپكۇرەسى ۋە شەرقىي تۈركىستان كىملىكىنى تۇرغۇپ چىقىش ۋە بۇنى ئۈچ بۆلۈك ئىنسانلارغا چۈشەندۈرۈش ۋە قوبۇل قىلدۇرۇش. (1.تەشكىلاتلار 2. ئاكادېمىكلار 3. خەلق)

س) ۋەتەنپەرۋەرلىك، دۆلەت، دۆلەت مەنپەئەتى ۋە مۇستەقىللىق دېگەن ئۇقۇملار ھەققىدە ماقالىلەرنى يېزىش، تەرجىمە قىلىش ياكى سۆزلەش ئارقىلىق خەلقنى تەربىيەلەش ۋە سىياسىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، دەۋا سېپىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. خەلق تەربىيەلەنسە تەشكىلاتلارنىڭ ۋە دەۋانىڭ ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ .

د) شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا توغرا خىزمەت قىلىۋاتقان تەشكىلاتلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قوغداش ۋە تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز ئارا ماسلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئىسلاھات قىلىش زۆرۈر.

ج) دېموكراتىك بىر ياشلار سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىش. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن بىر تۈركۈم (10 ـ 15 ) ياشلاردا تالانتلىق، ساداقەتمەن ھەم سىياسىي چۈشەنچىسى بار بولغان ياشلارنى تېپىپ بىر گۇرۇپپا قۇرۇش ۋە بۇ گۇرۇپپىغا ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى يېتەكچىلىك قىلىپ تەربىيەلەپ دەۋانىڭ كەلگۈسى ئىزباسارلىرىنى ۋە يېتەكچى مىڭە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈش. بۇ جەھەتتە دۇق ۋە مائارىپ جەمئىيىتى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرسە خىزمەتلەر جىق قولايلىشىدۇ.

چ) ئۆلىمالار بىرلىكى خەلققە قارىتا پىلانلىق، ئۇزۇن مۇددەتلىك، سىستېمىلىق دەۋەت پىروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقىپ خەلقىمىزنىڭ دىنىنى توغرا چۈشىنىشى ۋە روھىي چۈشكۈنلۈكتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەتتە بولۇش.

خ) ھەر قايسى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى كىرىزىسقا تاقابىل تۇرۇش ۋە ھەل قىلىش گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستان ۋە ياكى خىتايدا يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان قىرغىنچىلىق، سىياسىي، ئىجتىمائىي كىرىزىس ۋە باشقا ئۆزگىرىشلەرگە قانداق ئىنكاس قايتۇرۇش توغرىسىدا تەييارلىق كۆرۈش.

ھ) مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاڭ ـ ساپاسىنى بولۇپمۇ پسىخىك ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئاقارتىش خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش.

ل) ياشلارنىڭ ھازىرقى رېئاللىق سەۋەبىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ تېخىمۇ رادىكاللىششىنىڭ ۋە دەۋاغا زىيانلىق باشقا پىكىر، ئېقىم ۋە گۇرۇپپىدىكىلەر تەرىپىدىن پايدىلىنىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىش. ئۇلارنىڭ يېڭىچە پىكىر ۋە تەشەببۇسلىرىغا ئېتىبار بېرىش. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شەرقىي تۈركىستان دۆلەتچىلىك ئىدېئولوگىيەسىنى ياشلار ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ باشقا خىل ئىدېئولوگىيە ۋە پىكىرلەرنىڭ

قۇربانى بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

م) ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى كېيىنكى ئەۋلاد ئۇيغۇرلار، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى، تەسىرى بار كىشىلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا بولغان ماددىي ۋە باشقا جەھەتتىكى ياردەملىرىنى قولغا كەلتۈرۈش. ئۇلارنىڭ شۇنداقلا دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلاردىن بولغان ئىختىساس ۋە ئىقتىساد ئىگىلىرىنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەشكىلاتلار ئاۋۋال ئۆزىدە بار بولغان ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئىقتىسادتا ئوچۇق-يورۇق ۋە قانۇنى بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش.

ن) يېقىندىن قۇرۇلۇۋاتقان ئۇششاق تەشكىلاتلارنى ئۆز باشقۇرۇش مېخانىزمى ئىچىگە ئوچۇق - ئاشكارا سورەپ كىرىشكە ۋە ئۇلارنى بۇنىڭغا مەجبۇرلاشقا ئالدىرىماسلىق، ئۇلارنىڭ ئۆز مۇستەقىل پائالىيەت كۈچىنى ساقلىشىغا يول قويۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرىنى تەكلىپ قىلىپ، خىزمەت دوكلاتى، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ۋە باشقا ھەر خىل تۈردىكى يىغىنلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەمكارلىق ئورنىتىشقا ۋە پەيدىن پەي بىرلىك سەپ ھاسىل قىلىشقا تىرىشىش. بۇ خىل خىزمەتلەرنى تەشكىلاتلار بىۋاستە قىلىش قولايسىز بولغان ئەھۋال ئاستىدا، نوپۇزلۇق شەخسلەر نامىدا ئېلىپ بېرىش.

### 3 - باب: خىتاينىڭ كېلەچىكى ۋە ئۇيغۇرلار

18 - قۇرۇلتايدا خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ قىسقا مەزگىللىك نىشانى-بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان پارىخورلۇق ۋە چىرىكلىك مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى مۇقىملىققا ئىگە قىلىش دەپ بېكىتكەن.[1]

(1) Erkin Ekrem, «خىتاينىڭ يېڭى ھاكىمىيتى ۋە سىياسىي ئىسلاھات», Anayurt Jurnili, 2013.yil, 1.san, s.30-34. http://anayurtjurnili.net/uploads/files/anayurt-parche/20130103.pdf

كېيىنكى بەش يىلدا شى جىنپىڭ نۇرغۇن پارىخور ئەمەلدارلارنى جازالىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئەمەلىيەتتە پارىخورلارنى جازالاشنى باھانە قىلىپ سىياسىي رەقىبلىرىنى تازىلاش ۋە ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئىدى[1]. 19 ـ قۇرۇلتايدا شى جىنپىڭ «ئۈچ قەدەملىك پىلان» نى ئوتتۇرىغا قويدى. «ئۈچ قەدەملىك پىلان» ئەمەلىيەتتە شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «جۇڭگو چۈشى» گە يېتىشنىڭ ئۈچ باسقۇچى بولۇپ، ئاخىرقى نىشان بولسا «جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى» نى ئىشقا ئاشۇرۇش. شى جىنپىڭنىڭ ئىزاھاتىغا قارىغاندا، «جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى بولسا پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق تەقدىرى. پۈتۈن دۇنياغا ئورتاق بەخت يارىتىدىغان بۇ مەنزىلگە پەقەت جۇڭگوچە ئەقىل ـ پاراسەت ۋە جۇڭگوغا خاس قەدەم پىلانى بويىچە ماڭغاندىلا ئاندىن يېتىپ بارغىلى بولىدۇ». شى جىنپىڭنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «جۇڭگو چۈشى» ماھىيەتتە خىتاينىڭ دۇنيانى باشقۇرىدىغان جاھانگىر دۆلەت بولۇش نىيىتىنى ئاشكارىلاپ تۇرماقتا.

بىرىنچى: 2020 ـ يىلىغا بارغاندا ئومۇميۈزلۈك ئوتتۇرا ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش.

ئىككىنچى: 2035 ـ يىلىغا بارغاندا سوتسىيالىزمنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش كۈچىگە ئىگە زامانىۋىلاشقان دۆلەت بولۇش.

ئۈچىنچى: 2050 ـ يىلىغا بارغاندا خىتاينى دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش[2].

بۇ نىشانلار خىتاي خەلقىنى ناھايىتى ھاياجانغا سالىدىغان پىلانلار بولسىمۇ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بۇ نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىدا نۇرغۇن توسالغۇلار

(1) CK, <习近平反腐的目的是反政变, 真心反腐必须实现民主化——专访罗瑞卿之子罗宇（之二）>,《自由亚洲电台》, 2016年2 月03 日, https://www.rfa.org/mandarin/yataibaodao/zhengzhi/ck-02032016111212.html

(2) 习近平, <决胜全面建成小康社会 夺取新时代中国特色社会主义伟大胜利——在中国共产党第十九次全国代表大会上的报告>, 《人民日报》, 2017年10月28日 01 版, http://paper.people.com.cn/rmrb/html/2017-10/28/nw.D110000renmrb_20171028_3-01.htm

مەۋجۇت.

### ئىچكى توسالغۇلار

خىتايدىكى قانۇننىڭ توغرا ئىجرا قىلىنماسلىقى،كىرىم تەقسىماتىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق، يىلىغا ئونمىڭلارچە ئاممىۋىي توقۇنۇشلارنىڭ يۈز بېرىشى، ئىشسىزلىقنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى،ئىقتىسادتىكى تۇرغۇنلۇق، پەن- تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش (inovasyon) ئېڭىنىڭ كەمچىللىكى قاتارلىق مەسىلىلەر خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسەتمەكتە. ھاكىمىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا ئىچكى زىددىيەتلەرمۇ كۆرۈلمەكتە. بۇنىڭدىن باشقا كۈنسېرى خەلقئارادا تەسىرى ئېشىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، تەيۋەن، شياڭگاڭ مەسىلىلىرى خىتاينىڭ ئاجىزلىق نۇقتىسى بولۇشنى داۋام قىلماقتا. شى جىنپىڭنىڭ ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش ئۈچۈن خىتاينىڭ سابىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنى نارازى قىلىشى، خىتايدىكى سۆز ئەركىنلىكىنىڭ تېخىمۇ بوغۇلۇشى بىلەن خەلقنىڭ نارازىلىقىنىڭ ئېشىپ بېرىشى، ئەڭ مۇھىمى شى جىن پىڭنىڭ ھەرقانداق رەئىس ئىككى قېتىملا سايلىنالايدۇ دېگەن قائىدىنى بۇزۇپ مۇددەتسىز رەئىس بولۇشىنىڭ قەدىمىنى ئېلىشى خىتايدىكى ئويغاق زىيالىيلارنى قاتتىق نارازى قىلدى.

### تاشقى توسالغۇلار

خىتاي ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى بىلەن بىرگە، خىتاي ئارمىيەسىنىڭ كۈندىن- كۈنگە كۈچىيىشى دۇنيا سىستېمىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ئامېرىكا ۋە ئاسىيادىكى قوشنا دۆلەتلەرنى بىئارام قىلماقتا[1]. خىتاينىڭ نۇرغۇن دۆلەتلەر بىلەن چېگرا مەسىلىسى بار بولۇپ، خىتاينىڭ كۈچىيىشى بىلەن بۇ مەسىلىلەر قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئەنسىرىشى ۋە نارازىلىقى

(1) Michael Forsythe, “Q. and A.: Andrew S. Erickson on China’s Military Goals and Capabilities”, *The New York Times*, May 11, 2015 4:06 am. https://sinosphere.blogs.nytimes.com/2015/05/11/q-and-a-andrew-s-erickson-on-chinas-military-goals-and-capabilities/

كۆچىيىپ كېتىۋاتىدۇ[1]. بۇ خىل ئەھۋال قوشنا دۆلەتلەرنىڭ بىرلىشىپ خىتايغا قارشى چىقىش ئېھتىماللىقىنى كۈچلەندۈرمەكتە.

ئامېرىكا دۇنيانىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلىتى شۇنداقلا ھازىرقى دۇنيا سىستېمىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە قوغدىغۇچىسى. خىتاينىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە ئامېرىكىغا رىقابەت ئېلان قىلىشى ئامېرىكىنى بىئارام قىلماقتا. ھالبۇكى خىتاينىڭ يۈكسىلىشى ئامېرىكا بەرپا قىلغان دۇنيا سىستېمىسىنىڭ سايىسىدە ئەمەلگە ئاشقان. خىتاي «تەييارغا ھەييار» بولۇۋېلىپ (Free Rider) ئىقتىسادىي كۈچىنى ئاشۇرۇۋالغان[2]. بۇ ۋەزىيەتتە ئامېرىكىنىڭ خىتايغا قارشى تەدبىر ئېلىۋاتقانلىقى كۆرۈلمەكتە[3]. بۇ ئىككى دۆلەت رىقابەتلەشسە دۇنيا ئىقتىسادى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن تۇراقسىزلىق پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بۇ خىتاي ئىقتىسادىغىمۇ زىيان ئېلىپ كېلىدۇ. يېقىندا باشلانغان ئامېرىكا - خىتاي سودا ئۇرۇشى ئىككى دۆلەت رىقابىتىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ[4]. ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە يىللىق دوكلاتىدىمۇ بۈنگىدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىنىڭ تېررورىزم ئەمەس، خىتاي ۋە رۇسىيە ئىكەنلىكى كۆرسىتىلدى[5].

خىتاينىڭ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىششى، باشقا دۆلەت ھۆكۈمەت خادىملىرىنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق خىتايغا خىزمەت قىلدۇرۇشى[6]،

---

(1) <新闻观察: 中印对峙结束 究竟是谁的胜利?>, 《BBC中文网》、2017年 8月 28日, https://www.bbc.com/zhongwen/simp/chinese-news-41076261

(2) Bree Feng, ***«Obama's 'Free Rider' Comment Draws Chinese Criticism»***, *The New York Times*, August 13, 2014 7:37 AM. https://sinosphere.blogs.nytimes.com/2014/08/13/obamas-free-rider-comment-draws-chinese-criticism/?partner=rss&emc=rss&smid=tw-nytimesworld

(3) Robert Farley, ***«How Can the US Manage a Rising China?»***, *The Diplomat*, February 27, 2018, https://thediplomat.com/2018/02/how-can-the-us-manage-a-rising-china/

(4) Rebecca Tan, ***«The U.S.-China trade war has begun. Here's how things got to this point»***, *The Washington Post*, July 6, 2018, https://www.washingtonpost.com/news/worldviews/wp/2018/07/05/a-timeline-of-how-the-u-s-china-trade-war-led-us-to-this-code-red-situation/?utm_term=.6f0fcf7a28fd

(5) «The 2018 National Defense Strategy», United States Department of Defense, Jan 19, 2018, https://www.defense.gov/Portals/1/Documents/pubs/2018-National-Defense-Strategy-Summary.pdf

(6) 岳怡, <中共渗透政坛 澳洲哗然 加拿大或重蹈覆辙>, 《大纪元》, 2017年06月28日, http://www.epochtimes.com/b5/17/6/27/n9324175.htm

ھەرخىل يوللار بىلەن ئەقلى مۈلۈك ئوغرىلىقى قىلىشى[1]، خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرىنىڭ كۈندىن- كۈنگە ناچارلىششى دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنى بىئارام قىلماقتا[2]. بۇنداق كىتىۋەرسە خىتاي خەلقئارادا زور توسالغۇغا ئۇچرىشى مۇمكىن.

خىتايىنى بۇگۈنكى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرگەن، خىتاينىڭ ئەللىك يىللىق ئۈچ باسقۇچلۇق تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنىڭ باش لايىھەلىگۈچىسى دېڭ شياۋپىڭ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلمىغاندا پارتىيە ۋە دۆلەت ماھىيىتىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقى ھەتتا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇنقەرز بولىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان ئىدى. دېڭ شياۋپىڭنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا «پەقەت ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئىسلاھاتى يېتەرلىك ئەمەس، سىياسىي تۈزۈلمىمۇ ئىسلاھ قىلىنمىسا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن نەتىجە ئالغىلى بولمايدۇ». بۈگۈن خىتاي رەھبەرلىرى دۇچ كەلگەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئاساسەن تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىقتىسادىي كۈچىگە ماسلاشقان سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بارمىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان[3] .

يۇقىرىدىكى ئىچكى ۋە تاشقى توسالغۇلارغا قارايدىغان بولساق، خىتاينىڭ بارغانسېرى يامانلىشىۋاتقان ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئەڭ ئاخىرىدا خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ ئۆلىنى تەۋرىتىپ قويۇشى، ھەتتا يىقىتىۋېتىشى مۇمكىن.

شى جىنپىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئالدىدا ئۈچ تاللاش يولى بار.

بىرىنچىسى : دۇنيادىكى ئۈچتىن ئىككى قىسىم دۆلەتلەر تەرىپىدىن قوبۇل

(1) Carlos Tejada, ***«Beg, Borrow or Steal: How Trump Says China Takes Technology»***, *New York Times*, March 22, 2018, https://www.nytimes.com/2018/03/22/business/china-trump-trade-intellectual-property.html?_ga=2.264245770.443820255.1533624292-1732389145.1531124615

(2) ***«United States Commission on International Religious Freedom Annual Report 2018»***, United States Commission on International Religious Freedom, April 2018, s.32-33. http://www.uscirf.gov/sites/default/files/2018USCIRFAR.pdf

(3) Erkin Ekrem, 2013:s.36, 37. http://anayurtjurnili.net/uploads/files/anayurt-parche/20130103.pdf

قىلىنغان دېموكراتىيەلىشىش ئىسلاھاتىنى باشلاش، ئىككىنچىسى: خىتايغا خاس دېموكراتىيەلىشىش مۇساپىسىنى باشلاش. ئۈچىنچىسى: مەۋجۇت سىياسەتنى داۋاملاشتۇرۇش.

**مەۋجۇت سىياسەتنى داۋاملاشتۇرۇش يولى:**

يۈتۈن ھوقۇقنى قولغا ئالغان شى جىنپىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ يولدا خەتەر ئاز، سابىق رەئىسلەر ۋە ھازىرقى پارتىيە ئەزالىرى ئانچە نارازى بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما يىللاردىن بېرى جۇغلىنىپ قالغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولمايدىغان ھەمدە يۈز بېرىۋاتقان دۇنياۋى ئۆزگىرىشلەرگە جاۋاب بېرەلمەيدىغان تاشقى سىياسەتلەر پاتقاققا پېتىپ قېلىشى مۇمكىن. يەنە بىر جەھەتتىن شى جىنپىڭنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشى ئاۋام خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ھاكىمىيەت ۋە دۆلەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىن تۆۋەن قاتلىمىغىچە چىرىكلىك ھازىرغىچە داۋام قىلماقتا ۋە يىلتىزىدىن قۇرۇتۇلمىغان بۇ چىرىكلىك ئاۋام خەلقنىڭ نارازىلىقىنى كۈچەيتىۋاتىدۇ. ھازىرقى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا شى جىنپىڭ بۇ يولنى تاللىغاندەك قىلىدۇ. بۇ يولنى يەنە داۋام قىلسا ج ك پ ھاكىمىيىتىنىڭ قانۇنلۇق ئورنى مۇنازىرە قوزغىشى ھەتتا تەۋرىنىشكە باشلىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋالدا بۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەسىرلىرى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

بىرىنچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ سۆزدە (ئەمەلىيەتتە ئەمەس) ئىجرا قىلىنىشى داۋاملىشىدۇ.

ئىككىنچى: ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىك كرىزىسى داۋاملىشىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى قاتتىق ۋاستىلار بىلەن ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئۈچىنچى: خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى چەتكە قېقىشى، تۆۋەن كۆرۈشى ۋە كەمسىتىشى داۋاملىشىدۇ.

تۆتىنچى: شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇقىمسىزلىق داۋاملىشىدۇ.

بەشىنچى: خىتاينىڭ غەربىي شىمال رايونىنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى قىيىنلىشىدۇ.

ئالتىنچى: ئوتتۇرا ئاسىيا مقياسىدا رايون ۋە چېگرا خەۋپسىزلىك مەسىلىسى داۋاملىق يۈز بېرىدۇ.

يەتتىنچى: خىتاينىڭ ئۇيغۇر سىياسىتى تۈپەيلى خىتاينىڭ يىڭى يىپەك يولى پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى قىيىنلىشىدۇ.

سەككىزىنچى: ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىك دەۋاسى داۋاملىشىدۇ ۋە خەلقئارا سەھنىلەردە ئاۋازى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

**خىتايچە دېموكراتىيەلىشىش يولى:**

شى جىنپىڭ ھاكىمىيتى ئۆچۈن ئېيتقاندا بۇ يولنى تاللاش ئەڭ مۇۋاپىق. خىتاينىڭ دېموكراتىيەلىشىش مۇساپىسى بىر پارتىيە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تاماملىنىشى مۇمكىن. خىتاينىڭ چوڭ دۆلەت بولۇش يولىدا دۇچ كېلىدىغان تۈرگۈنلىغان ئىچكى ۋە تاشقى مەسىلىلىرى دېموكراتىك تۈزۈم بىلەن ھەل بولۇشى مۇمكىن. نەتىجىدە بۇ ئىسلاھات خىتاينى تېخىمۇ كۈچلۈك بىر دۆلەت ھالىغا ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە شى جىنپىڭ ئالدىنقى بەش يىلدا ھوقۇقنى تامامەن قولغا ئالغان بولۇپ، خىتايچە دېموكراتىيەلىشىش يولىنى تاللىسا پارتىيە ئىچىدە ۋە خەلق ئارىسىدا بۇ يولغا قارشى كۈچلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. شى جىنپىڭ ۋەزىيەتنى تامامەن كونترول قىلالايدۇ. بۇنداق بولغاندا خىتاينىڭ دۇنياۋى چوڭ دۆلەت بولۇش ئارزۇسى تېخىمۇ تېز ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن. بۇنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كۆرسىتىدىغان تەسىرلىرى بولسا:

بىرىنچى : ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاپتونومىيە قانۇنى قىسمەن ئىجرا قىلىنىشى مۇمكىن ۋە ياكى ئاپتونوم رايوننى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇيغۇرلارغا قىسمەن ئىمتىيازلارنى بېرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشى مۇمكىن.

ئىككىنچىسى: ئۇيغۇرلار ئۆز كىملىكىنى قىسمەن قوغدىيالىشى مۇمكىن.

ئۈچىنچىسى: خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى چەتكە قېقىش، تۆۋەن كۆرۈش ۋە كەمسىتىشى ئازىيىشى مۇمكىن.

تۆتىنچىسى: شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر بىلەن خىتاي زىددىيىتى بىرئاز پەسكويغا چۈشۈشى، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇقىملىقى قىسمەن ياخشىلىنىشى مۇمكىن.

بەشىنچىسى: خىتايلارنىڭ غەربىي رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتى قىسمەن ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن.

ئالتىنچىسى: ئوتتۇرا ئاسىيا مىقياسىدا رايون ۋە چېگرا خەۋپسىزلىك مەسىلىسى قىسمەن ھەل قىلىنىشى مۇمكىن.

يەتتىنچىسى: خىتاينىڭ يېڭى يىپەك يولى پىلانىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇش نىسبىتى يۇقىرىلىشى مۇمكىن.

سەككىزىنچى: ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىك دەۋاسى مۇئەييەن قاتلامدا داۋام قىلىشى مۇمكىن.

توققۇزىنچى: ئۇيغۇرلار ئىقتىسادىي جەھەتتە مەلۇم دەرىجىدە گۈللىنىشى مۇمكىن.

**غەربچە دېموكراتىيەلىشىش يولى:**

شى جىنپىڭنىڭ ھازىرغىچە يۈرگۈزگەن سىياسىتىگە قارىغاندا بۇ يولنى تاللاش مۇمكىنچىلىكى ناھايىتى تۆۋەن. خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بىر پارتىيەلىك ھاكىمىيەت سىستېمىسىدىن باشقا يول تۇتۇش ئېھتىماللىقى يوق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە غەربچە دېموكراتىيەنى بىر ھاكىمىيەت سىستېمىسى ياكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي قىممەت قارىشى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشىمۇ ناھايىتى تەس. يەنە كېلىپ شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتنىڭ مۇستەقىللىققا ئېرىشىشىگە رۇخسەت

قىلماسلىق بىلەن بىرگە، زېمىن پۈتۈنلىكىگە دەخلى قىلىدىغان ۋە ھاكىمىيەتنى تەۋرىتىدىغان ھېچقانداق ئېھتىماللىققا ئورۇن بەرمەيدۇ. خىتاي غەربچە دېموكراتىيە تۈزۈمىنى قوبۇل قىلغان ئەھۋالدا، بۇنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كۆرسىتىدىغان تەسىرلىرى:

بىرىنچى: ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ كەڭ دائىرىدە يولغا قويۇلۇش ئېھتىماللىقى بار.

ئىككىنچى: ئۇيغۇرلار مىللىي كىملىكىنى قوغدىيالىشى مۇمكىن، ئەمما دېموكراتىك سىستېمىدا ئاسسىمىلياتسىيە ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق لازىم.

ئۈچىنچى: خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى چەتكە قېقىشى، تۆۋەن كۆرۈشى ۋە كەمسىتىشى كۆرۈنەرلىك ئازىيىدۇ. ئەمما بۇ ئەھۋاللار خىتاينىڭ سىياسىي مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى سەۋەبىدىن يېپىق شەكىلدە داۋام قىلىشى مۇمكىن.

تۆتىنچى: شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇقىملىقى يۇقىرى دەرىجىدە ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن.

بەشىنچى: خىتاينىڭ غەربىي شىمال رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيەسى ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن.

ئالتىنچى: ئوتتۇرا ئاسىيا نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا رايون ۋە چېگرا بىخەتەرلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھەل بولىدۇ، شۇنىڭدەك شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئېتنىك، دىنىي ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى بۇ رايونغا ئىستراتېگىيەلىك چوڭقۇرلۇق ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

يەتتىنچى: خىتايلارنىڭ «يېڭى يىپەك يولى» پىلانى ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ۋە ئۇيغۇرلار بۇنىڭغا تۆھپە قوشۇشى مۇمكىن.

سەككىزىنچىسى: ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق دەۋاسى قىيىنلىشىشى، كەينىگە

چېكىنىشى، خەلقتە كۆرۈشتىن سوۋۇش كۆرۈلۈشى، ئېرىشكەن قىسمەن ئەركىنلىك بىلەن قانائەت ھاسىل قىلىشى مۇمكىن.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە مۇقىملىقى،ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي سالاھىيىتى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە باشقا ھەق- ھوقۇقلىرى ھەمدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يولغا قويغان سىياسىتى خىتاينىڭ كەلگۈسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ «يېڭى يىپەك يولى» پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش - ئاشماسلىقى شەرقىي تۈركىستان بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. خىتاينىڭ ھازىرقى شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇشى يەنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش، قاتتىق ئۇسۇللار بىلەن ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش، ئۇيغۇر تىل- يېزىق ۋە مەدەنىيىتىنى يوق قىلىش، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۇيغۇرلارنى چەتكە قېقىش ۋە كەمسىتىش سىياسەتلىرى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ[1].

ھازىرچە خىتاي يۇقىرىدا تىلغا ئالغان يوللاردىن بىرىنچىسىنى تاللىغاندەك تۇرىدۇ. ئەمما خىتاي دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار خىتاينى سىياسىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇرلىشى مۇمكىن. خىتاي سىياسىي ئىسلاھات ئېلىپ بارمىسا دۆلەت قىيىنچىلىقتا قالىدۇ، سىياسىي ئىسلاھات ئېلىپ بارسا ھاكىمىيەت قىيىنچىلىقتا قالىدۇ. يىللاردىن بېرى يىغىلىپ قالغان ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مەسىلىلەر خىتاينى سىياسىي ئىسلاھات ئېلىپ بارسىمۇ ۋە ياكى مەۋجۇت سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرسىمۇ ئوخشاشلا ئاجىزلاشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇيغۇرلار ھەر ۋاقىت بۇ ئېھتىماللىقلارنى يېقىندىن كۆزىتىشى ۋە تەھلىل قىلىشى كېرەك. ئەڭ مۇھىم بولغىنى بۇ ئېھتىماللىقلارغا قارشى تەييارلىقى بولۇشى كېرەك.

### تەكلىپ - پىكىرلەر:

ئا) ئۇيغۇرلار ھازىر تارىخنىڭ ئەڭ قىيىن دەۋرىنى باشتىن ئۆتكۈزمەكتە.

(1) Erkin Ekrem, 2013: s.52-55. http://anayurtjurnili.net/uploads/files/anayurt-parche/20130103.pdf

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا بۇ ۋەزىيەت ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىر پۇرسەت بولۇشى مۇمكىن. خىتاينىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىمۇ خەلقئارادا تېخىمۇ كۈچلۈك دىققەت تارتماقتا. شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بۇ پايدىلىق شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تىرىشىشى كېرەك.

ب) ئۇيغۇرلار ۋەتەن ئىچى- سىرتىدا كىملىك كىرىزىسىغا دۇچ كەلمەكتە. ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكىنى قوغداپ قېلىشى تولىمۇ زۆرۈر، بۇنىڭ ئۈچۈن ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە تەشكىلاتلار جىددىي چارە - تەدبىر تېپىشى ۋە قوللىنىشى كېرەك.

س) ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى قوغداپ قېلىش، ئۇيغۇر داۋاسىنى داۋام قىلىش،شەرقىي تۈركىستان ئازاد بولغاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن ھەرقايسى ساھەلەردە ئاڭلىق، مىللىي تۇيغۇغا ئىگە، ياراملىق بىر تۈركۈم ياشلار يېتىشىپ چىقىشى لازىم.

ئۇيغۇرلار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تەكلىپ- پىكىرلەرنى قوبۇل قىلغاندا ۋە روياپقا چىقىرىشقا تىرىشقاندا تارىخنىڭ قايتا تەكرارلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. دۈشمىنىمىز ھەرقانچە كۈچلۈك ۋە ھىيلىگەر بولسىمۇ، ئېڭىمىزنى ئۆستۈرۈپ ئەقلىمىزنى ئىشلىتىپ، پىلان بىلەن ئىش قىلساق دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيمىز . پۇرسەت ھەرقاچان تەييارلىقى بولغانلار ئۈچۈندۇر.